تېيىپجان ئېلىيوپ



# تۆھمەت قۇربانى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

2

تېيىپجان ئېلىيوپ

# تۆھمەت قۇربانى

(داستانلار)

مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزاھمد كېرىمى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


«ئوغرى» نىڭ ئەسلىمىسى .................... 1
تەۋەررۇك .................................. 34
تۆھمەت قۇربانى ........................... 48

# «ئوغرى» نىڭ ئەسلىمىسى

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى...»

— ماۋزېدۇڭ

يىغىندا بىرسى مېنى «ئوغرى» دېدى،
تەكتىدىن ئوغرىلارنىڭ پۇشتى دېدى.
شۇڭلاشقا ئالا كۆڭۈل، غەيرى نەزەر،
يوق ئەسلا قىزىل تۇغقا خوشتى، دېدى

ئېسىمگە كەلدى شۇئان بىر چاغلىرىم —
كەتكىنىم تاققا «ئوغرى» ئاتاق ئېلىپ:
كىمدۇ ئۇ، نىچۇن يەنە شۇ ئاتاقنى،
قويماقچى پېشانەمگە داقاق قىلىپ؟

بۇ گەپنى تەگمىسە، تەگمەيتتىم،
كەلمەيتتى مېنىڭ گەپدان ئاتالغىمۇ.
دەۋالاي ئەمدى، «گەپكە گەپ كەلگەندە
قايتمىغىن، دەپتىكەنغۇ، ئاتاڭدىنمۇ.»

ئېسىمدە، مېنىڭ «ئوغرى» ئاتالغىنىم،
يىگىتلىك قۇرامىمغا يەتمەي تۇرۇپ.
قالغىنىم ئېسىمدۇ بۇ ئاتاققا،
تام تەشمەي، سۆڭگۈچىنىمۇ ئۆتمەي تۇرۇپ.

تام تەشكەن دېسە مېنىڭ ئەجدادىمنى،
تام ئەمەس، بوۋام سادىر سېپىل تەشكەن.
چۈنكى ئۇ بوزەكلەرنىڭ غېمىنى يەپ،
ئۇ چاغدا ياۋغا شۇنداق دەككە بەرگەن.

گومىنداڭ مېنى «ئوغرى» دېدى، بىراق
يۈرىكى ئەسلى ئۇنىڭ پوك - پوك ئىدى.
ئاخىرى مەنمۇ بېرىپ سېپىل تەشتىم،
بۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرى تۇرلۇك ئىدى.

※ ※ ※

مىنگونىڭ ئوتتۇز ئىككى يىلى ئىدى ...
«كۆك ئاسمان ئاق كۈن...» ئاتلىق قۇزغۇن بايراق،
ئۈستىدە قانات كەردى تەگرى تېغىنىڭ،
يۈرەككە پاتتى ياۋۇز، زەھەر تىرناق.

ھوۋلىغان ئەنسىز قارا بوران بىلەن
شەر-شەرگە چېرىك دېگەن يېغىپ كەتتى.
ئېشانە توپلاپ سالغان مەكتەپكىمۇ
شۇ ئاچكۆز قوراللىقلار تىنىپ كەتتى.

بىردىن — بىر كۈلۈبىمىز ئېغىل بولدى،
قالاندى دېرىزە، پول تاختايلىرى.
ھەركۈنى قورۇقدىلىپ تۇردى ساقلار:
ئۆكسىمەي كىرسىمۇ لەڭ — بۇغدايلىرى.

مىلتىق ھەم پۇل تەگلەيتتى يىمەك سوراپ،
ئاتىمىسا، ئېسىگىمۇ نەق بېرەتتۇق.
توخۇمۇ باقالمىدۇق ئوچۇقلۇقتا.
خورازلار قىچقارسىمۇ ئەنسىرەيتتۇق.

دادامنى ئۇرۇپ خېمىر قىلدى يايى.
سېلىقنى تۆلىمەستىن داتلىدىڭ دەپ.
ئاكامنى بىر كېچىدە تۇتۇپ كەتتى،
لېنىننىڭ كىتابىنى ساقلىدىڭ دەپ.

بەرگىن دەپ ھۆكۈمەتكە «گەزئات» ① سېتىپ،
قاناتسىز قىلدى تالاي يىگىتلەرنى.
ھەتتاكى ئىككى ماتا تاپالماستىن،
بورىغا يۆگەپ كۆمدۇق جەسەتلەرنى.

كۆك تاشقا مىندى ئارام كۈشەندىسى —
ساقچىنىڭ «باۋجيا»② ئاتلىق سىياسىتى.

① گومنداڭچىلار 1943 — 1944 - يىللىرى چېرىكلەر ئۈچۈن «ئۆلـ
چەملىك ئات سېتىۋېلىش» سېلىقىنى سالدى. كىشىلەر بۇنىڭغا «گەز ئات
سېلەتى» دەپ نام بەرگەن.

② «باۋجيا سىياسىتى» ياكى «باۋجيا تۈزۈمى» — گومنداڭچىلارنىڭ
مەھەللە، ئائىلەلەر بويىچە خەلقنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى.

«كۇنمۇ بۇ!» دېگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي،
تاشلاندى قۇدۇقلارغا ئېرىك پېتى.

ئاڭلىدۇق ھەممە ياقتىن ئەنسىز خەۋەر،
ئاڭلىدۇق ھەممە يۇرتنىڭ مۇڭلىرىنى.
يەنئەندىن كەلگەنلەرنى ئۇرۇمچىدە،
سولاپتۇ، ئۆلتۈرۈپتۇ چوڭلىرىنى.

كۇچەيتتى پىرقە① ھەدەپ تەپرىقىنى،
بازىرى قايناپ كەتتى خۇراپاتنىڭ.
جاڭجالىغا سالدى خەقنى دەيدەيچىلەر
دېيىشىپ «دىلىمۇ يات — تىلى ياتنىڭ»

بار ئىدى شىاۋلى دېگەن بىر ئاغىنەم،
يولۇقماس بولدى ئۇيغۇر دوستى بىلەن.
ئەمەلدار بولغان ئىكەن چوڭ ئاكىسى،
ئوينىما دەپتۇ «چەنتۇ» پۇشتى بىلەن.

ئازسانلىق مىللەتكە بىر بەلگە بولدى،
كوچىدا ماڭسا پات - پات مەڭدەيدىغان.
ئۆزلىرى ئادەم تۇرۇپ، بەزەنلەرى
بولۇشتى «سىڭكو!» دىسە «ھە!» دەيدىغان.

① ئۆز ۋاقتىدا گومىنداڭ دېگەن نام ئۇيغۇرچىغا «گومىنداڭ پىرقىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا ئادەتتە ئۇيغۇرلار ئۇنى قىسقارتىپ «پىرقە» دەپ ئاتاشقان.

كۆپەيدى ئەلدە دەرتمەن، دەردى ئاندىن،
ھەممىدىن «سىڭكو»لار بەك دەرتمەن ئىدى.
يېرتقۇچلار ئىزامىدا ئۇنىڭ خۇنى،
قۇچقاچنىڭ جېنىدىنمۇ ئەرزان ئىدى.

تاشمىدى، ياغاچمىدى ئادەم دېگەن،
دۇنياغا خورلىنىشقا كەلگەنمىدى؟
ئازاپقا چىدالماسلىق جىنايەتمۇ،
قوقاسقا دەسسەپ ياشاش مۇمكىنمىدى؟

قېرىلار دېيىشەتتى: دىمىق يامان،
بورانىنىڭ شەپىسىمۇ كېلىپ قالدى.
ئەمدى يۇرت ئۆزلۈكىدىن تىنجىمايدۇ،
بىر نۆۋەت يىغا لازىم بولۇپ قالدى ...

كۆڭلۈمگە ياققاچقىمۇ شۇنداق سۆزلەر،
بوپ قالدىم مەنمۇ شۇنداق سۆزلەيدىغان.
تاغلاردا ئوغرى پەيدا بوپتۇ دېسە،
قىزىقىپ، سۈرۈشتۈرۈپ ئىزلەيدىغان.

كۈچەيدى «ماشكىلار»نىڭ قۇتراشلىرى،
ئاخشىمى سىرتقا چىقىش خەتەر ئىدى.
ماڭىمۇ بىرسى: «سېنى ئوغرى ساناپ،
پېيىڭگە چۈشۈپتۇ» دەپ خەۋەرلىدى.

مېنىمۇ ئارامسىزلىق ئازاپلىدى،
غەزەپتىن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى.
تام تەشمەي تۇرۇپ «ئوغرى» ئاتالغاندىن،
بەراقلا سېپىل تېشەي دېدىم ئەمدى …

ئاتالمىش «ئوغرى»لارغا ماكان ئىكەن،
كىيىكلەر مەگدەپ ئۆتكەن تاغنىڭ ئىچى.
دەسلەپتە چاي قاينىتىپ، چاي توشۇدۇم،
كۆپ ئۆتمەي بولدۇم ئەپچىل ئالاقچى.

بىر قېتىم دوقۇرۇشۇپ ساقچى بىلەن،
مەنمۇ بىر «بەشئاتار»نى ئولجا ئالدىم.
شۇ ئىشىم دەستەك بولۇپ، كۆزگە چۈشۈپ،
شۇندىن بۇيان «كىچىك جەگچى»دەپ ئاتالدىم.

دەسلەپتە تونۇق ئىدى نىشان ماڭا،
چۈشەنمەي ئىنقىلابنى «غازات» دېگەچ.
مەقسىدى بۇ غازاتنىڭ نېمە دېسە،
قىلماقچى مۇسۇلماننى ئازات دېگەچ.

ئازاتلىق ئىدى ئەڭ چوڭ شوئارىمىز،
ھەم قوشۇپ ياڭرىتاتتۇق تەكبىرنىمۇ.
غەزەپكە پايلىماستىن، كۆز تىرلۇشۇپ،
تۇز دەيتتۇق بەزى چاغدا قىڭغىرنىمۇ …

بىر كۈنى يۇقىرىدىن چۈشتى بۇيرۇق،
پۈتكەندەك بولدى قانات قول ـ پۇتۇمغا.
تەگمەكچى بولدۇق شۇئان ناھىيىگە،
ئاتلاندىم مەنمۇ قاراپ ئۆز يۇرتۇمغا.

بىز كەلسەك، چوڭ كوچىدا دەل ـ دەرەخ يوق،
قالماپتۇ يۇرت سىياقى — مەلىمىزنىڭ.
چوڭ مەكتەپ، چوڭ مەسچىتمۇ ئۆرتىنىپتۇ،
قەھرىمىز تۇتتى ئەدەپ ھەممىمىزنىڭ.

سېپىلنى قورغان قىلىپ پىرقىچىلار
يامرىتىپ ۋەھىمىلىك ئىڭغۋانىمۇ؛
«جان كېرەك بولسا كىرىش شەھەرگە!» دەپ
ئەكىرىپ ئاپتۇ خەنزۇ پۇقرانىمۇ.

قانخۇمار جاللاتلارنى ئەسلەتتى،
غادايغان پوتەيلەرنىڭ شوم گەۋدىسى.
كۆرۈندى شۇڭلاشقىمۇ سېپىل ئىچى،
كۆزۈمگە بولۇپ خۇددى ياۋ ئۆگكىسى.

بىز كىلىپ، تاڭ بىلەن تەڭ جەڭ باشلىدۇق،
سېپىلنى قورشىۋالدۇق تۆت تەرەپتىن.
گوياكى ھاسىل بولدى بىر چەمبىرەك،
خورلۇقتىن يالقۇنجىغان ئوت غەزەپتىن.

ئاكامنى سۇرۇشتۇردۇم نەدىدۇ دەپ،
دېرەك يوق ئۆلۈكى يا تىرىكىدىن.
ئاڭلىسام، يەنە بەشنى سولاپتىمىش،
ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمدەم - شېرىكىدىن.

ئەنسىرەپ ئۆيگە كىرسەم، دادام بىلەن —
بىرلوخەن ئولتۇرۇپتۇ داستىخاندا.
قوشۇمام تۈرۈلگەنتى، بىراق شۇئان،
ئېچىلدىم دادام ماڭا ھومايغاندا.

«ياۋ ئەمەس جىمى خەنزۇ،— دېدى دادام،—
لاۋياڭنىڭ كىم كۆرۈپتۇ زەردىنى،
كەپتۇ ئۇ دوستلۇغۇمدىن پانا ئىزلەپ،
ئەكەپتۇ ئاكاڭنىڭمۇ خەۋىرىنى...»

تونۇدۇم لوخەننى مەن يېقىن بېرىپ،
كىشىلەر «ياڭ مۇجاڭ» دەپ ئاتايدىغان.
قولى گۈل كاسىپ ئىدى بەك چىقىشقاق،
كۇەنسەيدىن پەشتاقچە ياسايدىغان.

قىلاتتى دادام ئاڭا يېقىنچىلىق،
مېنىمۇ قۇتقازغان دەپ جىق خەيلىدىن،
ئەنسىرەپ بۇگۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىن،
پانالىق جاي بېرىپتۇ ئۆز قوينىدىن.

چىرايىم ئۆللىغانچە قاراپ ماڭا:
«سىدىقجان،— دېدى لاۋىياك ھاياجاندىن،—
سېنىڭدىن رەنجىمەيمەن ھومايساڭمۇ،
كۆرىمەن بۇنى پەقەت گومىنداڭدىن.»

بۇ سۆزنى تەنە دېسە، تەنە ئەمەس،
ئادەمنى ئويلىتىدۇ ئويلىغانچە.
خىجالەت بولغانسېرى قىلىغىمدىن،
لاۋىياڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى شۇنچە.

«رەنجىمەك لاۋىياك،— دېدىم قول قوشتۇرۇپ،
مەن سىزنى باشقا بىرسى دەپ قاپتىمەن.
تونۇسام، «نى خاۋما» دەپ كىرەر ئىدىم،
بەك ئوسال بولۇپ قالدىم شۇ تاپتا مەن.

دېدى ئۇ: «رەھمەت ئۇكام شۇ سۆزۈڭگە،
دەرتمەنلەر بىر - بىرسىنى چۈشىنىدۇ.
يوق دېسە گومىنداڭغا قارشى خەنزۇ،
ئەقلى بار قايسى ئادەم ئىشىنىدۇ...

بۇرناكۇن يېرىم تۈندە جاك گۇندىپاي،
قاچۇرۇپ ئاكاڭلارنى تۇرمىسىدىن.
پانالىق پىنھان ماكان تېپىپ بەردى،
يۇقىرىقى سەيۋەنزىنىڭ كەمىسىدىن.

ھېلىقى تاڭ جاڭگويدە ئۇسال نېمە،
بىرسى شۇ ئاكاڭلارنى چېقىشتۇرغان.
ھازىر ئۇ شەھەردە يوق، بەلكى سىرتتا
مۇكۇنگەن، مال - مۇلكىنى تىقىشتۇرغان.

لاۋتاڭنىڭ «تولكە» دېگەن لەقىمى بار،
سېزىدۇ كۆپ نەرسىنى ئالدىن پۇراپ.
گومىنداڭ ئۆرۈلسىلا، كىم بىلىدۇ،
چىقامدۇ ئالدىڭلارغا سەللە ئوراپ.

شۇ تاپتا لاۋتاڭ مۆكۇپ ئالغان جايدىن،
تېپىلماس پانالىق جاي بەلكى ماڭا.
دەرتمەنگە دەرتمەن دوستىنىڭ قوينى كەڭ دەپ،
داداڭدىن پانا ئىزلەپ كەلدىم شۇڭا...»

يۇيغاندەك بولدى ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى،
كۆڭلۈمنىڭ ئاللىقانداق غەشلىكىنى.
گوياكى شەرھىلەندى ئابباسوپنىڭ:
«ھەر مىللەت دەرتمەنلىرى دوست» دېگىنى.

دادامغا دېدىم شۇندا: «بىر نەچچە كۈن،
ياڭ مۇجاڭ بىزنىڭ ئۆيدىن ئاجرىمىسۇن.
خاتادىن خالى ئەمەس يېغا دېگەن،
نادانلىق كالتىكىگە ئۇچرىمىسۇن...»

بولغاچقا جەڭنىڭ جىددى ۋەزىپىسى،
خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم ئۆيدىن شۇئان.
ۋە لېكىن قورشىۋالغان نۇرغۇن سوئال،
قىستايتتى جاۋاب بەر، دەپ مېنى ھامان...

ئېتىشتۇق پۈتۈن بىر كۈن ئىككى تەرەپ،
ياغدۇردى سېپىل تەرەپ ئوقنى بەكمۇ.
قالىسىمۇ جېنى كېلىپ تۇمشۇقىغا،
كۆنمىدى ئەل بولۇشقا ئۇندىسەكمۇ.

ئاخىرى لەخمە تەشتۇق ئىككى ياقتىن،
«چاشقان» دەپ ئاتالدى شۇ مەردانىلار.
مەنمۇ بار شۇ «چاشقانلار» ئارىسىدا،
دەيتتۇق: بىز چاشقان ئەمەس، مەرت غازىلار.

بىز تەشكەن تەشمىنىڭ بىر بۇرجىگىدىن
ئادەمنىڭ سۆڭىكىمۇ چىقىپ قالدى.
شۇندا بىز: ئەجداتلارنىڭ قىساسىنى
ئالىمىز، دېدۇق بۈگۈن قوشۇپ ئەمدى.

كۆمۈلدى دورىلارمۇ لەخمە پۈتۈپ؛
شىتابتىن كەلگەن ھامان پەرمان يېتىپ،
پىلتىگە تاك بىلەن تەك گۈگۈت يېقىپ،
پارتلاتتۇق ئىككى ياقتىن گۈمباگىشتىپ.

ئاچتۇق ـ دە ئىككى يوچۇق، كىردۇق بۆسۇپ،
شەھەرگە ئاقتۇق گويا كەلكۈن بولۇپ.
كەلكۈننى توسالمىدى دۈشمەن پەقەت
قەدەمدە «توغان» سىلىپ ـ توسقۇن بولۇپ.

ئەس باستى گومىنداڭنى، دىگەن شۇدە،
مىڭ قىلسۇن، ئىشى زادى يالجىمەدى.
قىسمىتى — ئەسىۋسى شۇنداق ئىكەن،
تەسلىمگە كۆنمىگەنلەر «سامسا» يىدى①

يىغىندا پەرق ئىتمىشمۇ ئاسان ئەمەس،
دوست ـ دۈشمەن بەلگىسىنى — قاشقىسىنى،
غەزەپتىن كۆزلىرىمگە قان تولسىمۇ،
ئاتمىدىم چىقىلغاندىن باشقىسىنى.

※ ※ ※

ئاردا بىر قانچىمىز تام ياقىلاپ،
يۇقىرىقى سەيۋەنزىگە قاراپ ماڭدۇق.
بىرىپلا، دەھشەتلىك بىر پاجىئەنى،
كۆردۇق ـ دە، داڭ قېتىپلا تۇرۇپ قالدۇق.

---

① ئۇز ۋاقتىدا جەڭدە، گومىنداڭچىلارنىڭ ئەجەل ئوقىنى يەپ دۈشمەنى خەلقلەر كىنايە قىلىپ «سامسا يىدى» دەپ ئاتىشاتتى.

يېتىپتۇ ئالتە جەسەت قار ئۈستىدە،
چانالغان جىمى بەدەن - ئەزالىرى.
بايقىسام، ئۇنىڭ بىرسى ئاكام ئىكەن،
باشقىسى ئۇنىڭ شېرىك - ھەمرالىرى.

ئۆزەمنى ئاتقىنىمچە «ۋاي ئاكا!» دەپ،
قۇچاقلاپ يىغلاۋەتتىم ھۆكرەك ئېتىپ.
ماڭا ھېچ مۇنداق جەسەت يولۇقمىغان،
ئېڭەك يوق، قوياي دېسەم تېڭىپ - چېتىپ.

دېدىم مەن تىترەپ تۇرۇپ: «جېنىم ئاكا،
ئالىمەن قاتىلدىن بۇ ھېسابنى مەن.
چۈشەندىم كىملىكىڭنى بارغانسېرى،
ئوقۇيمەن سەن ئوقۇغان كىتابنى مەن...»

تۇرغاندا چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ،
بىر خەنزۇ ئۇچراپ قالدى، چېرىك سىمان.
ئالدىراپ، غەزىۋىمگە پايلىماستىن،
مىلتىقنىڭ كۈرجىكىنى باستىم شۇئان.

«گومىنداڭ ئەمەسمەن!...» دەپ يىقىلدى ئۇ،
كىمدۇ بۇ، دېيىشتۇق بىز ھەيران قىلىپ.
ھېلىمۇ ئۆلمەپتىكەن، سۈرۈشتۈرۈپ،
ئۆزەمنى مىڭ تىللىدىم پۇشمان قىلىپ.

ئۇقۇلدى بىچارىنىڭ سۆزلىرىدىن،
شۇ ئىكەن جاڭ گۇندىپاي دېگەن كىشى.
شۇ ئىكەن ئاكامنىڭ ھەم دوستلىرىنىڭ
تۇرمىدە غېمىنى كۆپ يېگەن كىشى.

قاچۇرۇپ تۇرمىدىن ئۇ ئالتىسىنى،
كېچىدە سەيۋەنزىگە مۆكتۇرۇپتۇ.
جاللاتلار قانداقچىدۇ سېزىپ قېلىپ،
كېچىلەپ ئىزلەپ تېپىپ ئۆلتۇرۇپتۇ.

ئۇقمىغان بۇ شۇملۇقنى جاڭ گۇندىپاي،
خۇشخەۋەر ئەپ كەپتىكەن مۇككەنلەرگە.
كىم بىلسۇن ئۇنىڭ ئاشۇ مەرتلىكىنى،
ئوخشىتىپ قاپتىمەنغۇ دۇشمەنلەرگە.

ئوق ئۇنىڭ يانبېشىغا تەككەن ئىكەن،
تاڭدۇق - دە يارىسىنى، ھاپاش قىلىپ —
دوختۇرغا ئېلىپ باردۇق شۇ ھامانلا،
ئۇلارمۇ داۋالىدى يولداش بىلىپ.

غەش بولدى قىلمىشىمدىن كۆڭلۈم مېنىڭ،
بۇ ئىشنى چوڭ بىر گۇنا ھېسابلىدىم.
ئاكامنىڭ قورۇنغاندۇ روھىمۇ دەپ،
ھەسرەت يەپ، ئۆزەمنى مىڭ كاچاتلىدىم.

تەرلەتتى دادامنىڭمۇ كايىشلىرى،
ئاندىن بەك كوماندىرنىڭ قىياپىتى.
قوشۇندىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم،
بولمىسا سالاچىنىڭ كاپالىتى.

※ ※ ※

جىمىقتى ئۇزۇن ئۆتمەي «تاڭ - تۇڭ» ئۈنى،
تىنجىدى ناھىيىدە ۋەزىيەتمۇ.
باش بولۇپ «تۆھپىسى بار مۆتىۋەرلەر»،
قۇرۇلدى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتمۇ.

بېسىقتى خەنزۇلارغا تەشۋىش — بېسىم،
كوچىدا يۈرۈۋەردى ئەركىن پېتى.
(بىر مەزگىل ئاق باغلىدى بىلىكىگە،
بار ئىدى «ياخشى ئادەم» دېگەن خېتى)

بىر كۈنى كوچا چارلاپ تاڭ ئاتقىچە،
قايتقانىدىم ۋەزىپەمنى قاتلاپ ئۆتەپ.
ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە ئاق مەسچىتنىڭ،
جامائەت يانغان ئىكەن بامدات ئۆتەپ.

قارىسام، لاۋتاڭمۇ بار ئارىسىدا،
مېڭىپتۇ تەسۋى سىرىپ يەرگە قاراپ.
تونۇپلا بۇ ئىشپىيون جاڭگۈيدىنى
«توختا!» دەپ ئالدىم شۇئان يولنى توراپ.

دىرىلدەپ ئۆتكى ئۆچتى بۇ تۇلكىنىڭ،
پۇكۇلۇپ تازىم قىلدى يىغلامسىراپ،
ياغدۇرۇپ «لائىلاھەئىللاللا» نى،
تەلمۈردى جامائەتكە ياردەم سوراپ.

شۇ ھامان ئىمام بىلەن سەلەي گەيجاڭ:
«ھەي يىگىت،— دېدى ماڭا، پەتۋا تېپىپ،—
بۇ، ھازىر لاۋتاڭ ئەمەس، ئىسلام ئاخۇن،
بوپ، قالدى ئەھلى ئىسلام ئىمان ئېيتىپ.

كىتابتا دۇشمەن ساناش گۇنا، دېگەن،
خۇدانىڭ ئىمان، ئېيتقان بەندىسىنى.
باردىغۇ ئۇنىڭكىگە ھاكىم چېغى،
قىلغاندا نەۋرىسىنىڭ خەتمىسىنى.

چىڭ تۇردى ئىمام بىلەن سەلەي گەيجاڭ،
قوشۇلدى مۆتىۋەردىن بىر قانچىسى.
ئالدىمغا سالاي دېسەم ئىشپىيۇننى،
بولمىدى بۇ مەيداندا ئىلاجىسى.

دەسلەپتە ئۇقمىغاچقا بوش كەپتىمەن،
ئېچىلدى بارغانسېرى ئىشنىڭ تېگى.
لاۋتاڭغا گەيجاڭ نىچۇن ئامراق دېسەم،
ياغلىنىپ كەتكەن ئىكەن كىكىرتىكى.

شۇ چاغدا كەلدى بىردىن كۆز ئالدىمغا،
سۆيۈملۈك ياك مۇجاكىنىڭ قىياپىتى.
سىزىلدى ماڭا ئۇ بىر ئەۋلىيادەك،
سۆزلىرى ئەۋلىيانىڭ بىشارىتى...

قۇتۇلدۇق گومىنداڭدىن، شۇنداقتىمۇ،
ياقمىدى بەزى ئىشلار دىتىمىزغا.
يۈرگەندە گۇمانسىراپ تىت-تىت بولۇپ،
ئابباسوپ كېلىپ قالدى يۇرتىمىزغا.

ئۇ، كېلىپ تەبرىكلىدى غەلبىمىزنى،
كۆرسەتمە بەردى يېڭى ھۆكۈمەتكە.
يوقلىدى شېھىتلارنىڭ ئۆيلىرىنى،
سىياسەت چۈشەندۈردى جامائەتكە.

تەكشۈرۈپ ساقچىنىمۇ، تۈرمىنىمۇ،
بوشاتتى ئالتە خەنزۇ بۇرادەرنى.
گۇندىپاي لاۋجاڭدىنمۇ ھال سورىدى،
سولاتتى لاۋتاڭ دېگەن ھىلىگەرنى.

تىڭ-تىڭلاپ ئۇخلىمىغان سەلەي گەيجاڭ،
غىپپىدە قېچىپ كەتتى باشقا يۇرتقا.
ھاكىممۇ تەنقىت يېگەچ، بۇيرۇق بەردى،
تارتقىلى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنى سوتقا.

ئاببابسوپ «ئۆز دوستۇمنىڭ ئىنىسى» دەپ،
مۇڭداشتى مەن بىلەنمۇ خاس ئولتۇرۇپ.
ئاڭلىدى، يەشتى نۇرغۇن چىگىشلەرنى،
بېشىمنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ دېدى: «ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى،
ئازاتلىق ئېلىپ كېلىش ئېزىلگەنگە.
قوشۇنغا ئەزگۈچىمۇ كىرىۋالدى،
كۆنمەيدۇ ئۇلار ئاسان بىز دېگەنگە.

ئۇلارنى قويۇپ بەرسەك ئۆز ئەركىگە،
ھارۋىنى غۇلىتىدۇ چوقۇم ھاڭغا.
بايراقنى ئالماشتۇرۇپ تەختكە چىقىپ،
ۋارىسلىق قىلىدۇ شۇم گومىنداڭغا.

ئاسرىدى ئاتاڭ نېچۈن ياڭ مۇجاڭنى،
ياڭ نېچۈن مەلۇملىدى مۇھىم ئىشنى.
نېمىشقا جاڭ گۇندىپاي جان - دىل بىلەن،
خالىدى ئاكاڭلارنى قۇتقۇزۇشنى.

نېمىشقا سەلەي گەيجاڭ سوقۇپ قويغان،
ھېلىگەر لاۋتاڭ دېگەن ئىشپىيوننى.
ھېلىقى ئىمامىڭمۇ تىلى قىسقا،
پۇل ئۈچۈن ئىشقا ساپتۇ ئەپيۇننى.

ئىنقىلاب يولى ھەرگىز تۈپ - تۈز ئەمەس،
دەسسەيمىز قېيپاشقىمۇ بىلەر - بىلمەي.
بىراقلا قوغلىماق تەس يالغاز دوستنى،
ئۆز پەيتى، شارائىتى يېتىپ كەلمەي.

ماڭساقلا ئىلغار كۆچلەر سەپ ئالدىدا،
ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ يەكلىمىسەك.
يېتىمىز مەنزىلگىمۇ غۇلاپ كەتمەي،
ۋاقتىدا ساۋاقلارنى يەكۈنلىسەك...»

ئويۇلدى نەقىش بولۇپ يۈرىكىمگە،
ئەقىللىق ئابباسوپنىڭ ھەر - بىر سۆزى.
ئاچتىم مەن يېڭى پىكىر ئىشىكىنى،
ئېچىلىپ بارغانسېرى كۆڭلۈم كۆزى.

ھەر مىللەت ھۆكۈمرانى تومۇرداشكەن،
ھەر مىللەت دەرتمەنلىرى ھەمنە پەسكەن.
مۆرىنى كەلگەن چاغدا، مىللەت، دىنمۇ
ئۆتكىلى بولمايدىغان چەك ئەمەسكەن.

چۈشەندىم ئازاتلىقنىڭ مەنىسىنى،
ئازاتلىق جەڭچىسىنىڭ بۇرچىنىمۇ.
شەيداسى بولدۇم شۇڭا جەڭ - كۈرەشنىڭ
سېزىلدى راھەت بولۇپ، مۇشكىلىمۇ...

※ ※ ※

چەڭگىلا ئىنتىلەتتى ئوي - خىيالىم،
قۇچاتتى ئىستىقبالنى قانات كېرىپ.
بېرەتتى پۇرۇخ - ھىدى ماڭاھوزۇر،
تۇرمىدىم ئارقا سەپتە ئويناپ ئىچىپ،

ئىلتىماس يازدىم «باراي پۇرۇنتقا» دەپ،
ئېرىشتى ئېتىبارغا تۆتىنچىسى.
جاۋابىنى ئېلىپ سەكرەپ كېتىپتىمەن،
بۇ ئىدى خۇشلىقىمنىڭ تەنتەنىسى.

كەڭسايغا شۇڭغۇپ كىردىم قوشۇن بىلەن،
ئاپىردىن ئوقۇپ ھەربىي تەقسىماتقا.
تۆت ياۋنى يەر چىشلىتىپ سايرامغىچە،
مىلتىقنى ئالماشتۇردۇم ئاپتوماتقا.

سەنتەيدە بىزنىڭ رۇتا ئۇجۇقتۇردى
دۈشمەننىڭ بىر يىگىنى ھەش - پەش دېمەي.
زەمبىلدە مەنمۇ ياردار ئەسىرلەرنى
دوختۇرغا ئېلىپ باردىم سىلكىشلىمەي،

شۇ چاغدا شەنشىلىك بىر قېرى ئەسىر،
ئۆزىنى تىللاپ كەتكەن كاچات ئۇرۇپ.

بېشنى سىلاپ قويسام ئىچىم ئاغرىپ،
قولۇمنى قىسقان ئىدى يىغلاپ تۇرۇپ.

ئۆتكۈزدۈم شىخودىكى جەڭنى باشتىن،
مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا.
شاللىقتىن يەر بېغىرلاپ پوتەيگىچە،
پارتلاتتىم ئوت ئاغزىنى دەل ۋاقتىدا.

بۇ، مېنىڭ ئون يەتتە ياش ۋاقتىم ئىدى،
ئاتالدىم «سىدىق بومبا» شۇندىن كېيىن.
ھەم ئالدىم «باھادىرلىق» مېدالىنى
ئەنە شۇ داڭقى چىققان جەڭدىن كېيىن.

باتۇرمۇ ئۈلگە ـ مەدەت بىلەن باتۇر،
بىكارگەپ باتۇر بولۇش ئوقۇپ دۇرۇت.
ماڭا ئەڭ چوڭ مەدەتكار، ئۈلگە بولغان،
رەھمەتلىك كوماندىرىم «غوجا بۇرۇت»①.

ئېسىمدە ئاشۇ جەڭنىڭ قۇربانلىرى،
روتىمدىن ئەللىك جەڭچى ساق قاپتىمىز.
شۇندىمۇ تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ،
قاچمىسا، بىرسىنىمۇ ئاتماپتىمىز.

① «غوجا بۇرۇت» قورغاسلىق. 1945 - يىلى يازدا شىخو ئۇرۇشىدا مەردانە قۇربان بولغان كوماندىر.

بىز موھتاج بولغان قورال - ياراقلارنى،
گومىنداڭ ئۆزى توشۇپ كەلدى بىزگە.
دەسلەپتە چوماق تۇتقان ئىدۇق، ئەمدى
ئۆتتى توپ - زەمبىرەكمۇ ئىلكىمىزگە.

قوزغىلىپ چوڭ سەپ بولۇپ بىز شۇڭغىچە،
جەڭ قىلدۇق شىددەت بىلەن ئۇن ئايغىچە.
قادىدۇق ئازاتلىقنىڭ بايرىقىنى،
يۇلتۇزدىن ماناس بويلاپ ئالتايغىچە.

※ ※ ※

بىردىنلا ھاردۇق ئالدى قورالىمىز،
كۆپ ئۆتمەي سەۋەبىنى ھەممە بىلدى.
تۈنۈگۈن خەس سانالغان «ئوغرى» بىلەن،
گومىنداڭ پۈتۈم تۈزمەك بوپتۇ ئەمدى.

بىز تەرەپ بايان قىلدى ئۆز شەرتىنى،
ئۆلكىدە ئورنىسۇن دەپ خەلقچىلىق.
ئېرىشسۇن ھەممە مىللەت تەڭ ھوقۇققا،
يوقالسۇن كۆتەرگۈسىز ئالۋان - سېلىق.

قىلمىسۇن چېرىك - ساقچى خەقنى بوزەك،
قولىنى تارتسۇن قانلىق جىنايەتتىن.
«سىياسىي گۇناھكارلار» ئازات بولسۇن،
خەلقىمىز قۇتۇلسۇن شۇم ئاسارەتتىن.

گومىنداڭ تىڭشاپ كۆرۈپ ئىچ تېشىنى،
بىز بىلەن ئۇنىبىر شەرتلىك پۈتۈم تۈزدى.
ئۆتكەلدىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈۋېلىپ،
تۇخۇمدىن توك ئۈندۈرۈپ ئىشنى بۇزدى.

گومىنداڭ «سەۋرچانلىق» نىقابىنى،
چىدالماي يىرتقان ئىدى سايلامدىلا.
مېزىنى باسسا تېزى چىقىپ تۇردى،
ھەركۈنى ھەر يەردىلا، چامدامدىلا.

تەر تۆكمەي ئۈزۈپ تەييار شاپتۇلىنى،
كۆرسەتمەك بولدى يېڭى چوڭ كارامەت:
«ئۈچ ئايدا كۈكچەنداڭنى ماكچايتىمىز،
نېمىتى ئالتە توك - توك ئۈچ ۋىلايەت!»

چىقتى ئۇ جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ،
ئەلپازىدا تاغنى يالماپ يەۋەتكىدەك.
بولۇتتەك ئۈچتى قاپلاپ كۆك يۈزىنى،
ئاشلىققا ماڭغان ئاپەت چېكەتكىدەك.

ئوسمانغا ياراق بەردى — بومبا بولۇپ،
قورغاننى ئىچىدىن سەن غۇلاتقىن دەپ.
مەسئۇتقا مۇنبەر بەردى — كاناي بولۇپ،
تەپرىقى ئېغۋاسىنى تاراتقىن، دەپ.

كۆرەشنىڭ يەنە بىر چوڭ ئۆتكىلىگە
دۇچ كەلدى ئۈچ ۋىلايەت باتۇرلىرى.
بار ئىدى ئۇ ئۆتكەلنىڭ ھەر قەدەمدە
ناتونۇش چاتقاللىرى، ئۆڭكۈرلىرى.

باتۇرنى چىنىقتۇردى ئىسسىق سوغاق،
سىنالدى ئەزىمەتلەر نەچچە سەپتە.
بۆرىگە بوي بەرمىدۇق ئېلىشىشتا،
تۈلكىگە بوش كەلمىدۇق سىياسەتتە.

بولغاچقا تۇمەنلىگەن مەردۇ - مەيدان،
بولغاچقا خەلق رايى تاغدەك يۆلەك.
بولغاچقا ئەخمەتجاندەك باشلامچىلار،
ئۆرلىدى غەيرىتىمىز ئاسمان پەلەك.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسەتمىسى،
يورۇتتى پەللىمىزنى بارغانسېرى.
«دۈشمەنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىزگە دوست» دەپ،
كۆز تىكتۇق مۇھەببەتتە يەنئەنسېرى.

تىڭشىدۇق شىنخۇاشېنى ئىخلاس بىلەن،
ئوقۇدۇق ماۋجۇشىنىڭ كىتابىنى.①
ياڭراتتۇق ئازات رايون پەدىسىدە،
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ خىتابىنى.

① 1948 - يىلى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تەرىپىدىن ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزىم توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاۋانگارت ئىنقىلابىي ياشلار ئارىسىغا تارقىتىلغان.

رۇسلاندى قەدىمىمىز بارغانسېرى،
رەت قىلدۇق توغرا يولدىن چەتنىگەننى.
ئەيمەنمەي ئەيىپلىدۇق، جازالىدۇق،
ئۇ مىللەت ـ بۇ مىللەت دەپ يەكلىگەننى.①

بۇ ئالەم ئېگىز ـ پەسلىك ئالىمىغۇ،
بىر قولنىڭ بەش بارمىقى باراۋەرمۇ؟
كۆزلەمدۇ ھەممە ئادەم بىر پەللىنى،
يولدىكى بەرى يولداش ـ ھەمسەپەرمۇ؟

بولساقمۇ تۇمەن جەڭچى بىر قوشۇندا،
غەرىزى بەزىلەرنىڭ بۆلەك ئىدى.
بەزىدە ئېزىتقۇلار «خىزىر» بولۇپ،
غەلىتى يوللارغىمۇ يېتەكلىدى.

بار ئىدى بىزنىڭ داغلىق روتىمىزدا،
گېپى چوڭ بايۋەچچىدىن بىر قانچىسى.
قەھرىمان بولۇۋالغان جەڭمۇ كۆرمەي،
دەل شۇلار «ئىنقىلابنىڭ ئاقىنانچىسى».

---

① 1949 ـ يىلى ماي ئېيىدا غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «ئىتتىپاق ئاكتىپلىرى يىغىنى» دا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلە. جەھەتتىكى خاتالىقلار نۇقسانلىق ھالدا تەنقىد قىلىنغان. يىغىن روھى بويىچە بۇ جەھەتتە چوڭ تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلغان.

ھەدىسە «ئاھ مىللىتىم» دەيتتى ئۇلار،
كۆزىگە باشقا مىللەت كۆرۈنمەيتتى.
قىلىشىپ دالدىدا سەت بۇزۇقچىلىق،
«ئايرىلىش ئاي - يۇلتۇزدىن ئۆلۈم» دەيتتى.

دەسلەپتە ئۇلار خۇددى قاپلان ئىدى،
بولغاچقا يۆلەنچۈكى خىلى يەردە.
كېيىنچە ئۆتتى ئاستا تۈلكىلىككە،
يۆتكەشتى ۋەزىيەتكە قاراپ پەدە.

قاپلانمۇ ياكى تۈلكە — بەرى يىرتقۇچ،
ئوخشاشتەك تۆھمەت بىلەن خۇشامەتمۇ،
تۈزۈمنى بۇزۇپ ئۇلار ئوغرىلىقچە،
ئەكەلدى شەنىمىزگە ھاقارەتمۇ.

بىر كۈنى، ئۇنىڭ بىرسى يېرىم تۈندە،
خارلاپتۇ بىر مەسۇمە خەنزۇ قىزنى.
سوتلىدۇق ئۇزۇن ئۆتمەي باسقۇنچىنى،
ئوق بىلەن ئادا قىلدۇق ھۆكمىمىزنى.

شۇ چاغدا دەپتۇ ئۇنىڭ بىر ئىلپىتى:
«ئىنقىلاب يوققا چىقتى دىمىدىممۇ.
ئىمانسىز بىر قانجۇقنىڭ ئىناۋىتى،
ئەلامۇ مۇسۇلماننىڭ جېنىدىنمۇ؟...»

بۇ پاسات بەزىلەرنى ئويلاندۇرۇپ،
قويۇپتۇ بەزىلەرنى ئايلاندۇرۇپ.
رەددىيە بەردىم مەنمۇ چوڭ يىغىندا،
غەزەپلىك يۈرىكىمدىن ئوت ياندۇرۇپ:

«... نېمە دەپ قىلغان ئىدۇق ئىنقىلابنى؟—
گومىنداڭ قىلغان ئۇچۇن زومىگەرلىك.
بەرگەچكە گومىنداڭنىڭ ئەدىبىنى،
ئالقىشقا ئېرىشتۇق بىز شۇ قەدەرلىك.

ئاسىرىماي ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى،
گۆھەرنى ئېلىپ تاشقا ئۇرامدىمىز.
قان تۆكۈپ زومىگەرنى ئاغدۇرۇپلا،
ئارقىدىن زومىگەرنى دورامدىمىز؟

دەرت تارتقان گومىنداڭدىن ھەممە مىللەت،
خەنزۇلار تارتمىغانمۇ ئازابىنى.
نەقەدەر ھاماقەتلىك، ئالماق بولۇش
خەنزۇدىن گومىنداڭنىڭ ھېسابىنى.

كىم قىلسا گومىنداڭنىڭ قىلىقىنى،
بۇ، ئۇنىڭ شەنىمىزنى بۇلغىغىنى.
رايىغا يول قويمايمىز ئۇنداقلارنىڭ،
قۇترىسا چىقىرىمىز جۇلۇقىنى...»

ئېسىمدە شۇ يىغىننىڭ تەنتەنىسى،
شۇمشەيدى پاساتچىلار رەسۋا بولۇپ.
تەپرىقە، ئېزىتقۇغا بەرگەن جازا،
بۇرۇلدى گومىنداڭغا پەشۋا بولۇپ...

※ ※ ※

بارغانچە ئايدىڭلاشتى سېپىمىزگە،
ھەر مىللەت قايغۇسىنىڭ ئوخشاشلىقى.
گومىنداڭ كۇشكۇرتسىمۇ قانچە بىزگە،
ئۇلغايدى خەنزۇلارنىڭ ھېسداشلىقى.

شۇڭلاشقا «ئالا كۆڭۈل ئوغرىلار»نى
گومىنداڭ ئەمدى «قىزىل پاچاق» دېدى.
راستىنى ئېيتقان چاغدا، بىزنىڭ قوشۇن
تەكتىدىن قىزىل تۇغقا ئامراق ئىدى.

بىز ئۇچۇن «قىزىل پاچاق» بەتنام ئەمەس،
ئاڭلايتتۇق بەلكى ئۇنى مەغرۇرلىنىپ.
لاياقەت تىكلەش ئۇچۇن شۇ ئاتاققا،
پەيدىن - پەي كەلگەن ئىدۇق ھازىرلىنىپ.

كۆرگەنغۇ تالاي ئادەم يەنئەندىكى—
باش شىتاپ تېمىدىكى خەرىتىنى.
راست، ئۇندا ئۇچ ۋىلايەت زېمىنىگە
قىزىل رەڭ بايراقچىنىڭ قادالغىنى.

راست ئىدى قىزىل سەردار ستالىننىڭ،
بىز «قىزىل پاچاقلار» نى قوللىغىنى،
ئىنقىلاب دەستۇرىنى ئۆگەنسۇن دەپ
لېنىننىڭ تومىرىنى يوللىغىنى.

راست ئىدى دۇئىلاۋ بىلەن ئاباسوۋنىڭ
نەنجىڭدە يولداشلارچە كۆرۈشكىنى.
راست ئىدى ئۈچ ۋىلايەت جۇرئىتىنىڭ
يەنئەننىڭ رىغبىتىگە ئېرىشكىنى.

راست ئىدى چوڭ ئىقىمغا — چوڭ يۈرۈشكە
ماڭغانچە ماسلاشقىنى قەدىمىمىز؛
ئانچە خوپ بولمىسىمۇ مۇقەددىمە،
چىرايلىق جاراڭلىدى خاتىمىمىز.

شۇڭلاشقا گومىنداڭ شۇ بەستى بىلەن،
يىددىغۇ شاكىچىكتىن دەككىسىنى.
شاكىچىك مۇشتەك تۇرۇپ لەھەڭ تۇتۇپ،
ئىچىدىن قىقىۋەتتى ئۆپكىسىنى.

ئاقمىدى گومىنداڭنىڭ ھەيۋىلىرى،
ئاقمىدى «ئەدەپ، ئىنساپ دىيانەت...» مۇ.
ۋە لېكىن ئۈچ ۋىلايەت چاقمىقىدىن،
لەرزىگە كەلدى يەتتە ۋىلايەتمۇ.

ئۇنتۇلماس ئاشۇ يىللار، شانلىق تارىخ،
ئەسلىمەم شۇ يىللارنىڭ كالىندارى.
شاھىدى، قاتناشچىسى مەنمۇ ئۇنىڭ،
بۇ، مېنىڭ ياشلىقىمنىڭ ئىپتىخارى.

ئېسىمدە شۇ چاغدىكى ماناس بويى،
ئۆتكۈزدۈم ئىككى يىلنى مەنمۇ شۇندا.
ئاسرىدىم قانلىق كۈرەش مېۋىسىنى،
باغرىمنى قالقان قىلىپ ئابارۇندا.

ئېسىمدە ئالتاينىڭ تاغ - دالاسىدا،
ئات مىنىپ، شۇڭقار كەبى قاناتلىنىپ،
بولغانتىم مەنمۇ باندىت كۈشەندىسى،
ئىز قوغلاپ، ئوق ياغدۇرۇپ، ئايغاي سېلىپ.

ئېسىمدە ماكنانىنىڭ بىر غالچىسىنى،
بىر پوتەي يەردىن موللاق ئاتقۇزغىنىم.
ئوسمانغا ئېلىپ كەلگەن كۆرسەتمىنى،
گۇمانلىق ئۆكچىسىدىن تاپقۇزغىنىم.

ئېسىمدە، «ئوسمانپەرەست» بولۇۋېلىپ؛
كىرگىنىم يىرتقۇچلارنىڭ ئۇگىسىغا.
ئېسىمدە، سىرنى ئېلىپ قاچقانلىقىم،
ياتقۇزۇپ ئىككى پوستنى ئوڭدىسىغا.

ئېسىمدە كۆكتوقاينىڭ قاپتىلىدا،
بولغان جەڭ — بىر ھەپتىدەك داۋام قىلغان.
بويۇلۇپ قىزىل قانغا ئەتراپىمىز،
توقساندەك سەبدىشىمدىن ئونى قالغان.

ئېسىمدە، ئاشۇ جەڭدە نەچچە يەردىن
ئوق تېگىپ، بىر جىراغا غۇلىغىنىم.
ئاچلىقتا تاپالماستىن ھەتتا گىيا
قوساقنى رىمېن غاجاپ گوللىغىنىم.

ئېسىمدە، گوسپىتالدا ياتقىنىمدا،
ھال سوراش خەتلىرىگە كۆمۈلگىنىم.
قىزلارنىڭ مۇھەببەتلىك سالامىدىن،
يېگىتلىك غورۇرىغا چۆمۈلگىنىم.

ئېسىمدە، خۇشخەۋەرلەر ئاڭلىغاندا
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىدىن.
ئاتاتتۇق بۆكىمىزنى ئاسمانغا بىز
زوقلىنىپ قەھرىمانلىق ئۆلگىسىدىن.

ئېسىمدە، بىز تەرەپتىن سالام ئېلىپ،
ئەخمەتجان قاسىملار ماڭغانلىقى.
تەلپىنىپ تىيەنئەنمېنگە ئىشتىياقتا،
مەنزىلگە يەتمەي كۆيۈپ يانغانلىقى.

ئېسىمدە بىزدىلىۇ توي بولۇپ كەتكەن
ماۋجۇشى تىيەنئەنمېنگە چىققان كۈنى.
ئېسىمدە، مەغرۇرلىنىپ كۈلگەن ئىدۇق
تاۋسىيۇ تېلېگراممىا قاققان كۈنى.

ئېسىمدە، يېقىنلاشقان ئاشۇ كۈنلەر
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ قەدەملىرى.
ئېسىمدە، «مەرھابا» دەپ يۈگرىگىنى
بىزدىكى شائىرلارنىڭ قەلەملىرى.

ئېسىمدە، ئۇرۇمچىدە ھەم ماناستا
قېرىنداش قوشۇنلارنىڭ ئۇچراشقىنى.
ئېسىمدە، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندە
ئۈستىگە پۇقرالارنىڭ گۈل چاچقىنى.

سۆيۈشتى بىر - بىرسىنى بايراقلىرى،
سۆيۈشتى بىر - بىرسىنى مىلتىقلىرى
سۆيۈشتى بويۇن بىلەن قوللاردىكى
گومىنداڭ ئوقلىرىنىڭ تاتۇقلىرى.

ئېسىمدە، توۋلىغىنىم شۇ مەيداندا
«ياشىسۇن گۇڭچەنداڭ» دەپ يۈرىكىمدىن.
بەش يىللىق جەڭدە ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ
يەكۈنى ياڭرىدى شۇ تەبرىكىمدىن.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەنمۇ ئالدىم
لاۋۋاڭنىڭ — ۋاڭ جىڭۋېينىڭ بۇيرۇقىنى.
قاتناشتىم يېڭىۋاشتىن يېڭى جەڭگە،
ئۆزگىچە قويۇرچۇقنىڭ قويرۇقىنى...

شۇ ئىدى مېنىڭ «ئوغرى» سەرگۈزەشتەم.
شۇ ئىدى گۇدەكلىكتىن يېتىلگىنىم.
شۇ ئىدى ھاياتىمنىڭ يۈزلىنىشى —
پەيدىن - پەي قىزىل توغقا ئىنتىلگىنىم.

كىرگەندە پارتىيىگە قەلبىم بىلەن
ئۆز ئەينى يېزىپ بەرگەن تارىخىم شۇ!
«خۇشتى يوق قىزىل توغقا» دېگەن كىم ئۇ،
مەن سۆيۈپ قەسەم بەرگەن بايرىقىم شۇ!

※ ※ ※

بەس. ئەمدى توختىتاي بۇ ئەسلىمەمنى،
بەزىلەر دەيدۇ بۇنى «داستان ئىكەن».
ياق، ئاۋۋال دەڭلار شۇنى، بۇ ئەسلىمە
ئوغرىنىڭ تارىخىغا ئوخشامدىكەن؟!...

1981 - يىل ئۈرۈمچى

# تەۋەرۈك

كېلىپ خي لوڭ خان. تەڭرىنىڭ ـتويىغا،
قەدەم تاشلاپ «يېپەك يولى» بويىغا.
زىيارەتتە بولۇپ شەھرى خوتەندە،
سوراپ ھال، يۇرتنى ئالغا ئۈندىگەندە،
بۇرۇندىن نامىنى بىلگەن خالايىق
خوشال ئالقىشلىدى شوھرەتكە لايىق.
بۇ يەردە بار ئىدى مۇسا ئىسىملىك —
بىر ئادەم، تەلتۆكۈس ئۇيغۇر پەچىملىك.
يېشى ئاشقان ئۇنىڭ يەتتە مۆچەلدىن،
تېخى قالغان ئەمەس ئىشتىن، غەزەلدىن.
ئۆزى كۆرمەي، ئىشەنمەس گەپكە ئاسان،
دىمەيتتى بىرنى ئىككى، چىقىشمۇ جان.
خې لوڭ ئاڭلاپ، قىزىقتى بۇ بوۋايغا —
خوتەندە نامى بار «جاھىل گاداي» غا،
تۇيۇقسىز بىر كۈنى يوقلاشقا باردى،
ئۇنىڭ ھال - ئەرزىنى ئاڭلاشقا باردى.
كىرىپ كەلگەندە ئۇ ئۆيگە «سالام» دەپ
بوۋاي دەس تۇردى «كەل باتۇر بالام» دەپ.
قۇچاقلاشتى ئىككەيلەن شۇنچە قىزغىن،

بۇنىڭ مەزمۇنى باي ھەرقانچە سۆزدىن...
بوۋاي دەرھال يىكەنداز يايدى تۆرگە،
گويا جاي بەردى دىلدىن جان - جىگەرگە.
قوۋاندى كىرگىنىدە ئۆيگە ئامەت،
دېدى: «ماۋجۇشى تۇرغاندۇ سالامەت؟»
خېلىلوڭ ئىللىق جاۋاب بەردى بۇ سۆزگە،
دېدى: «ئېيتتى سالام ماۋجۇشى سىزگە!»
بوۋاي چۆمدى ھاياجانغا بۇ گەپتىن
قاناتلاندى غۇرۇرى شان - شەرەپتىن...
دېدى بىر چاغدا: «سىزگە بىر سۆزۈم بار،
بۇ يەرلەردە غەلىتە بىر تۈزۈم بار.
يازىچە چىشنى چىشلەپ شۇنچە ئىشلەپ،
قىشىچە بىرسى - بىرسىمىزنى چىشلەپ،
قىلىپ يۈرگەچكىمۇ ئارتۇقچە ھەركەت،
كۆڭۈل غەش، يوق ھوسۇلدا ئانچە بەركەت...»
خېلىلوڭ ئىگىشتى باش ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
چۈشەندۈردى ئاڭا بەزى سەۋەبنى.
دېدى: «سوتسىيالىزىملا دەرتكە مەلھەم،
بىراق بىزدە تېخى چوڭقۇر بىلىم كەم.
سىنايدۇ بىزنىمۇ ھەر خىل سىناقلار،
بىكار كەتمەيدۇ ھېچ ئاچچىق ساۋاقلار.
ۋاقىتلىق بىرىبىر ھەرقانچە دىشۋار،
بولايلى بىز كېلىچەكتىن ئۈمىتۋار!...»
خېلىلوڭ سۆزلەپ، گويا دۇردانە چاچتى،
بوۋاي قەلبىگە ئۆچمەس مۆھۈر باستى.

بوۋاي ئەسلەپ شۇ چاغدا ماۋجۇشىنى،
گوياكى ئىنقىلاب سۇمرۇغ قۇشىنى.
خېلوڭدەك جانپىدا سەپداشلىرىنى،
يۈلەكداش، ھەمنەپەس يولداشلىرىنى
قاناتتقا ئوخشىتىپ چەكسىز قۇۋاندى،
كۆزىدە ئىپتىخارلىق نۇرى ياندى.
دېدى قول قوشتۇرۇپ ئۇ: «سىزگە رەھمەت،
ماڭا بەخش ئەتتىڭىز بىر ئىلمي ھېكمەت...»
بەلىپ جۇپ كۆڭلىگە بۇ غەمگۇزارنى،
سوغات قىلدى قويۇپ بىر جۇپ ئانارنى.
خېلوڭ: «رەھمەت ئاتا، ئاۋارە ئەتتىم،
قىلاي مەن بۇ ھاسانى سىزگە تەقتىم» —
دېدى، سۇندى بوۋايغا يادىكارنى،
گويا باتۇرغا بەردى زۇلپىقارنى.
بوۋاي بىر پەس تىڭىرقاپ قالدى ئۇنىسىز —
«ئورۇنلۇقمۇ ئېلىش ياكى ئورۇنسىز؟»،
ئېلىپ ئاخىر ئۇنى باغرىغا باستى،
گوياكى تاغ بىلەن تەڭ بولدى بەستى.
دۇئا قىلدى بولۇپ خۇش بۇ سوغاتقا:
«يامان كۆز تەگمىسۇن، يەتكىن مۇراتقا!»
دېدى: مەن بۇنى چوڭ دۆلەت سانايمەن،
جىنىمدەك ئەتىۋارلايمەن، ئايايمەن.
تەۋەررۇك بايلىقىم بۇ ھەم قۇۋانچىم،
مېنىڭ يول باشلىغۇچىم ھەم تايانچىم.
قورالىم بۇ، ھايات ئەڭگۈشتىرىدەك،
ياشايمەن مەنمۇ خۇڭخۇ باتۇرىدەك...»

※ ※ ※

ئۆتۈپ كۈز ـ قىش ـ باھار، ياز پەسلى كەلدى،
بوۋايغا يەل يەنە بىر ياش ئەكەلدى.
يېتىپ كەلدى بۆسۈپ «ئىسيان» بورانى،
بۇ تارىخنىڭ غەلىتى ئىمتىھانى.
جىمى خىسلەت ئايان بولدى بوراندا،
سىنالدى ھەممە بۇ چوڭ ئىمتىھاندا.
..........................................
شۇ پەيتتە باش قوشۇپ مەخپى رەۋىشتە،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ گويا پەرىشتە.
چىقىپ بىر توپ ئېزىتقۇ، ئىشنى بۇزدى،
ئۆزىدىن ئۆزگىلەرگە ئورا قازدى.
ئۇلارنىڭ مەقسىتى تەخت، كەسپى شۇملۇق،
تاراتقان پىتنە مىكروبى يۇقۇملۇق.
ئۇلار خوتەنگىمۇ ياغدۇردى ئاپەت،
ھۆكۈمران بولدى بىر مەزگىل جاھالەت.
قۇلاق كەستى بۇزۇقلار ھەددىدىن ئاشتى،
سېلىپ غەۋغا، ئۇرۇپ چاقتى، بۇلاشتى...
شۇ چاغدا — بىر كۈنى بىر نەچچە تەلۋە،
كېلىپ مۇسا بوۋايغا قىلدى ھەيۋە:
«سېنى يوقلايدۇ چوڭ جۇنفا نېمىشقا،
نەچۇك كۆرسەتمە ئالدىڭ قېرى چوشقا؟»
ئېگىلمەي ھېچ بوۋاي تۇردى بۇدۇڭتەي،

جاۋاب قايتۇردى مەغرۇر، قىلچە ئۆزگەمەي:
«... ئۇ كەلدى ماۋجۇشى ئېيتتى سالام دەپ،
ئۇنى سۆيدۇم پېقىر باتۇر بالام دەپ.
بۇنى مەن شان - شەرەپلىك ئىش سانايمەن،
دۇرۇسنى ئەگرى دەپ بىلجىرلىمايمەن...»
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر نەچچە تەلۋە،
كۆتەردى تېخىمۇ شەرمەندە غەلۋە.
ئۇنى سۆيگەن شۇم ئاغزىڭ شۇمىدى دەپ،
ئېغىز - بۇرنىغا ئۇردى ھەر تەرەپلەپ.
پالاق، مۇشت ھەمدە تەستەك زەربىسىدىن،
بوۋاي بىر نەچچە رەت كەتتى ئېسىدىن.
دېدى بىر چاغدا: «ئىش مۇنداق ئىكەندە،
گومىنداڭ بار ئىكەنغۇ بۇ خوتەندە.
سېلىڭلار، مەيلى، ھەرقانداق ئازابنى،
بېرەلمەيمەن سىلەر كۈتكەن جاۋابنى...»
بوۋايدىن تەلۋىلەر ھېچ گەپ ئالالماي،
ئۇنىڭ قىلغان گېپىدىن نەپ ئالالماي،
دېدى: «قويغىن بوۋاي گەپدانلىقىڭنى،
بايان قىل نېمىلەر ئالغانلىقىڭنى!
ئېرىشكەنسەن خې لوڭدىن ئىلتىپاتقا،
قېنى بەرگەن ھاسا، تاپشۇر شۇ تاپتا!»
بوۋاينىڭ قايىندى قەھرى بۆلەكتىن،
جاۋابى ئوق بولۇپ چىقتى يۈرەكتىن:
«ئۇنى تاپشۇر دېگەن گەپ كۈلكىلىكقۇ،
كېرەك بولسا ھاسا بازاردا كۆپقۇ.
ئۇنى خې لوڭ ماڭا سوغات دېگەنغۇ،

سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەر دېمىگەنغۇ.
قويۇڭ، تاپشۇرغىلى ئۇ زاڭ ئەمەسقۇ،
بۇڭا مەن كۆنگلى ساراڭ ئەمەسقۇ.
ئۇنى كىم، ئالماقچى بولسا باركى بۇ شەرت:
ئەكەلسۇن خېلوڭ يا ماۋجۇشىدىن خەت».
تاپالماي زادى نەپ ھەيۋە - تاياقتىن،
ئۇمىتنى ئۈزدى شۇمپەنلەر سوراقتىن.
بۆلەكتىن غەيرى بىر مەسلەت قۇرۇشتى،
پۇراپ تاپقۇچى ئىتتەك ئىش كۆرۈشتى.
تىمىسقاپ ھاسىنى ئاخىر تېپىشتى،
ئۇنىڭغا خۇددى يىرتقۇچتەك يېپىشتى.
دېدى: «سۆيقەستكە ئائىت بىر غەرەز بۇ،
قارا كۆرگەزمىگە لايىق جاھاز بۇ!»
ئۆزىچە تەلۋىلەر يۇرت ئاسرىغاندەك،
غادايدى تۆھپىسى زور قەھرىماندەك.
سېسىتتۇق دەپ خېلوڭنى، كەتتى يايراپ،
قەدەھلەر كۆتۈرۈشتى بەزمە ئويناپ.
بوۋاينى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇشتى،
بەراق، كەينىگە پايلاقچى قويۇشتى.

※ ※ ※

بوۋاي تولغاندى بوزەك بولغىنىغا،
تەۋەررۇك ھاسىدىن ئايرىلغىنىغا.
تالاي ئەسلەپ خېلوڭنىڭ سۆزلىرىنى،
بېسىپ ئۆتكەن شەرەپلىك ئىزلىرىنى،
تۇتۇلدى ئىشتىھاسى، قاچتى ئۇيقۇ،

ئىلاندەك چىرمىشىپ ئالدى شۇ قايغۇ:
«ئاجايىپ قەھرىمانلار بولدى پەيدا،
غارايىپ پىتنىلەرنى قىلدى پەيدا.
ئۇلار خۇشتار جىمىنى رەت قىلىشقا،
چىرايلىق نەرسىلەرنى سەت قىلىشقا.
ئۇلارغا ياخشى ئەجدادى كۆرۈنمەس،
كۆچەت تىككۇچىلەر زادى كۆرۈنمەس.
كۆرۈنمەس قىلچىمۇ تاغدەك پەزىلەت،
كۆرۈنگەي خۇددى تاغدەك قىلچە ئىللەت.
قىزىل تۇغنى ئېغىزدا ئەتىۋارلاپ،
ئەمەلدە ئاياق ئاستى قىلدى خارلاپ.
ئۇلار تىل تەككۈزەلمەي ماۋجۇشىغا،
ئوق ئاتماقتا پىداكار قولدىشىغا.
قاناتى سۇنسا سۇمرۇغنىڭ مابادا،
نىچۈك پەرۋاز قىلالايدۇ سامادا.
خې لوڭ ئېيتقان تىوسالغۇ خېلى بار دەپ،
بىشارەت بۇ، ئەمەس ھەرگىز بىكار گەپ.
زېمىن ئۈستىدە بىردەك تەكشىلىك يوق،
يامانىنى ئويلىماستىن ياخشىلىق يوق ...»
سەھەردە كۆزىگە ئۇيقۇ يۇگۇردى،
چۇشىدە قەھرىلىك خې لوڭنى كۆردى.
دېگەنمىش ئۇ: «چىداپسەن شۇنچە مۇشتقا،
ھاساڭنى تارتقۇزۇپ قويدۇڭ نېمىشقا؟...»
بوۋاي ئاڭلاپ بۇ چىن ھەققانىي سۆزنى،
خىجىللىقتىن ئېسەدەپ ئاچتى كۆزنى.

تۇرۇپ دەس ئورنىدىن، چىقتى تالاغا.
بۇسۇپ كىردى سوراق قىلغان بىناغا.
گويا ئۇ جەڭگە كىردى يەك شىمايلاپ،
چۆچۈتتى تەلۋە - تەنتەكلەرنى تووۋلاپ:
«بالاخورلار، ھاسامنى قايتۇرۇشقىن،
ۋە ياكى مېنى مۇشتلاپ ئۆلتۈرۈشكىن!»
بووۋاينى تەلۋىلەر قوغلاپ شۇ ئاندا،
چىقاردى ئىتتىرىپ ئۆيدىن ئازاندا.
تاراتتى گەپ بوۋاي بوپتۇ ساراڭ دەپ،
بۇ ھەقتە كوچا - كويدا جىق پاراڭ - گەپ.
بوۋايدا قالمىدى ھېچ سەۋر - تاقەت،
باسالماي قەھرىنى، قىلدى شىكايەت:
«خالايىقلار، مېنىڭ ئەرزىمنى تىڭشاڭ،
ماڭا ھەمدەم بولۇپ ھالىمنى ئوڭشاڭ!
خېلى لوڭ بەرگەن ھاسامدىن ئايرىلىپ مەن،
بولۇپ قالدىم تايانچى يوق غېرىپ مەن.
ئۇنى مەن ساقلىسام، كىمگە زىيان بار؟
مۇشۇ ۋەجدىن دىلىمدا چوڭ گۇمان بار.
غەلىتى بىر شامال چىقتى بۇ شەردە،
قەيەردىن چىقتى زادى، غارى نەدە؟
ئېغىزدا بەزىلەر «ۋەنسۈي» نى تووۋلاپ،
يۈرۈشمەكتە ئەمەلدە ئورا كولاپ.
ئۇلارنىڭ قەستى سۇمرۇغنى يوقاتماق،
قاناتقا ھەممىدىن بالدۇر ئوق ئاتماق.
سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇلار يۈگۈرتۈپ،

دىيىشمەكتە بۇزۇشنى ياخشى تەرتىپ،
مۇشەققەتتە بىنا قىلغان بىنانى
ئۆرۈپ، دەيدۇ: ئۇتتۇقنىڭ يوق پايانى.
خوتەندە يەر تېرىپ بىز نەچچە ۋاقتتىن،
ھوسۇل ئالساق ھېسابىمۇ قاغىلىقتىن؟
زىرائەت شۇنچە پەس تۇرسا چىدامدۇق،
يەنە لۇشيەن ئېگىز دەپ لاپ ئۇرامدۇق؟
كېتەۋەرسە چىقىپ ئىش توغرا ئىزدىن،
تۇتتۇن چىققايمۇ ئاخىر مورىمىزدىن؟...»
دىيىشتى بەزىلەر: «راست دەيدۇ زادى،
ئورۇنلۇق بۇ گادايىنىڭ ئەرزى - دادى،
قۇيۇنلار ئالدىدا تۇرغۇن ئىكەن بۇ،
ئەمەس قامقاق، قىزىل يولغۇن ئىكەن بۇ،
بوۋايدەك بىزمۇ مەرت ئادەم بولايلى،
ئۇنىڭ دەرت - ھالىغا ھەمدەم بولايلى...»
دېدى باشقا بىرى: «بىلجىرلىماڭلار،
بېشەم ئالجوقنى باتۇر دېمەڭلار.
بۇ، توگەي① ئاكتىپى ئازغان ئەقىلدىن،
ئەگەشكەن «زوزىپەي» لەرگە يېقىندىن.
قوشۇلسا كىم ئۇنىڭ ئازغۇن ئىشىغا،
بالا تاپقاي ئۆزىنىڭ ئىت بېشىغا!...»
ئىچ ئاغرىتقان كىشى بولدى گۇناھكار،
تاياققا ياكى قالپاققا گىرىپتار.
بوۋاينى ئالدى شۇمپەنلەر قاماققا،
ئۇدا بىر نەچچە كۈن باستى تاياققا.

---

① توگەي — يەر ئىسلاھاتى

بەراق ئۇ «تووۋا» نى ئاغزىغا ئالماي،
بالاخورلارنى قارغاپ چىقتى تىنماي.
شۇ ھالەتتە ئۇنىڭ سۇسلاپ مادارى،
كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالدى مازارى.
كۆرۈپ بۇ ھالنى شۇمپەنلەر دېيىشتى:
«ئۇ ئۆز جېنى بىلەن ئۆزى قېرىشتى.
بۇ يەردە ئۆلسە، بىزگە مەنپەئەت يوق،
ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە تاشلاپ بېرەيلۇق!...»

※ ※ ※

بوۋاي ئوڭشالمىدى ئۆيىگە كېلىپمۇ،
ئامالسىز قالدى بۇ دەرتكە تېۋىپمۇ.
ئۆزىنىڭ ھالىنى دەگسەپ كۆرۈپ ئۇ،
كۆيۈك ئارمانلىرىنى بىلدۈرۈپ ئۇ.
دېدى پەرزەنتى ھەم تۇققانلىرىغا،
دىلى تارتقان، يېقىن - يارانلىرىغا:
«مېنى ئۆلدى دېمەڭلەر قېرىلىقتىن،
ئۆلەرمەن جەۋرىدىن، بىچارىلىقتىن.
بۇزۇقلار باشقا كىيگەچكە شەھەرنى،
يېگۈزدى ماڭىمۇ ئوغا - زەھەرنى.
قىساسىمغا مېنىڭ ھەغدا بولۇڭلار،
تەۋەررۇك ھاسىنى قولغا ئېلىڭلار.
تەۋەررۇك تۇرسا شۇ ئۆيۈمدە يۇتمەي،
يېنىپ تۇرغاي چىراغىم زادى ئۆچمەي.

سۆزۈڭنى يەردە قويساڭلار ئەگەردە،
تۇرارمەن تىك گۆرۈمدە — قارا يەردە...»
بوۋاي توختاتتى شۇنداق دەپ سۆزىنى،
ئەلەملىك ئاھ ئۇرۇپ يۇمدى كۆزىنى.
ۋىدالاشتى بۇ ئالەمدىن ئەبەتكە،
«ياغاچ ئات» ئۈستىدە كەتتى لەھەتكە...

※ ※ ※

قەلەم توختاپ شۇ يەردە بىر چىكىندى،
كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.
بۆلەكتىن ئەسلىدىم مۇسا بوۋاينى،
خېلى لوك كۆرگەن ئاشۇ ئىللىق چىرايىنى.
ئۇ ئاز كەم بىر ئەسىر دۇنيادا تۇردى،
ئۇ يەتمىش بەش يېشىدا تاڭنى كۆردى.
دېگەنتى شۇندا ئۇ: دەۋرىمنى تاپتىم،
قىلاي دەۋرىم ئۈچۈن بارىمنى تەقدىم.
ئەمەل قىلدى بوۋاي لەۋزىگە چىندىن،
سەپەردە قورقمىدى ئالۋاستى - جىندىن.
بۇ يولدا قايغۇرۇپ تۇرماي ئۇ جاندىن،
چىرايلىق ئۆتتى مۇشكۇل ئىمتىھاندىن.
بۇنى ئەسلەپ شۇ چاغ مۇنداق دېگەنمەن:
ئۇنىڭ ئالدىدا مەن چاغلىق ئىكەنمەن.
شۇ سۆز بار ئاڭلىغانلارنىڭ ئېسىدە:
«ئادەم بار ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە».

بۇ ئادەم دەل ئاشۇ مۇسا بوۋايغۇ،
«يىپەك يولى» دا ئۆسكەن قارىغاي ئۇ.
تىلىم بارماس ئۇنى ئۆلدى دېيىشكە،
قولۇم بارماس ئۇنى يەرگە كۆمۈشكە.
ئۇنىڭ باتۇرلۇقى داستان خوتەندە،
دېمەك خوتەندە، بەلكى كەڭ ۋەتەندە.

بوۋاي ئارزۇسىنى ئۆز ئارزۇمىز دەپ،
قوشۇپ باش، ئويلىنىپ جىق چارە ئىزلەپ.
جىمى پەرزەندە، تۇققان ھەمدە دوستى،
تەۋەررۇك ھاسىنىڭ كويىغا چۈشتى.
ۋىلايەت چوڭلىرىغا يازدى خەتمۇ،
بىرىنشى بەزىسى ئىلھام - مەدەتمۇ.
ۋە لېكىن بەزىسى قىلدى ئاھانەت،
دېدى: «بۇنداق تەلەپمۇ بىر جىنايەت».
يەنە بېيجىڭغا يازغان ئىلتىماسى،
يېرىم يولدىن يېنىپ، كەلدى بالاسى.
بوۋاينىڭ ئوغلىمۇ جىق تارتتى دەرتنى،
ئامالسىز قالدى ئاقلاشقا ئۈمىتنى.
ئاتامنىڭ قالدىغۇ دەپ قەرزى مەندە،
ئۆزگە مىڭ كاچات ئۇردى ئەلەمدە...

قاپچانكى «تۆت زىيانداش» بولدى گۇمران،
قاباھەت تورى بولدى ۋەيران - ۋەيران.
بالا - ئاپەت يولى ئاخىر توسالدى،

بۇرۇختۇم كەيپىيات جۇشقۇن تۇس ئالدى.
باھار كەلدى بۆلەكتىن لەيلىزارغا.
«يىپەك يولى» بويى تولدى ئىپارغا.
ھەقىقەت ئەسلىگە كەلدى بۆلەكتىن،
سۆيۈندى خەلق بۇ ئىشقا چىن يۈرەكتىن.
ئۇللىتتى زەر قۇياش نۇرى ۋەتەننى.
گويا ھېيتتەك ياساندۇردى خوتەننى.
خېلوك ئەھۋال سوراپ كەلدى گوياكى،
قەدىردان زۇڭلى پەيدا بولدى ياكى.
چېلىندى ناغرا - دۇمباق ھەمدە داپلار،
تەرەننۇم ئەيلىدى قالۇن - راۋاپلار.
ئۇسۇل مەيدانىغا ئايلاندى ھەر يان،
گويا توز، قالىغاچتەك قىلدى جەۋلان.
تەۋەررۈك ھاسىنىڭ ھەغداسى تۇردى،
ئۇنى خەلق بېشىغا ئالدى كۆتەردى.
قىلىپ مۇسا بوۋاينىڭ نامىنى ياد،
ئېتىپ ئەجدادىنىڭ پاك روھىنى شاد.
سۇرۇشتۇردى تەۋەررۇكنى تېپىشتى،
بوۋاي ئەۋلادىنى تەبرىك ئېتىشتى.
ئۇنى تەبرىكلىگەن كادىرۇ - پۇقرا،
دېدى: ناتوغرىنى گۇم قىلدى توغرا.
قۇياشنى ياپقىلى بولماس ئېتەكتە،
يامانغا ياخشىلىق يوق ئاقىبەتتە.
ئىسىت، مۇسا بوۋاي ئارماندا ئۆلدى،
ۋە لېكىن بىز بىلەن تەك روھى كۈلدى!...

قولىغا كىرگىنىدە ھاسا دەستى،
بوۋاي ئوغلى ئۇنى باغرىغا باستى.
گويا شۇ تاپتا ئۇ جانانىغا يەتتى،
خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتتى.
دېدى: كۆڭلۈم ئېمىن ئەمدى ئۆيۈمدە،
گويا ئۆچكەن چىراغ ياندى ئۆيۈمدە،
ئاتام مۇسا تىرىلگەندەكلا بولدى،
خېلوڭمۇ يەنە كەلگەندەكلا بولدى.
قىساس شۇم تەلۋىلەرنى تۇتتى ئاخىر،
تەۋەررۇك ئىلكىمىزگە ئۆتتى ئاخىر.
ئۇلۇغ ئەجدادىمىزدىن يادىكار بۇ،
بۇلار ئەۋلادىمىزغا مەڭگۇ يار بۇ.
تەۋەررۇك ۋارىسى بىز تائەبەتكە،
چۇشۇرمەيمىز پەقەت داغ شان - شەرەپكە.

1978 - يىلى يېزىلغان.
1983 - يىلى تۈزىتىلگەن.

# تۇھمەت قۇربانى

## بىرىنچى باب

بىر زاماندا بىر يىگىت بولغان ئىدى،
تەكتىدىن نامرات، ئېتى قۇربان ئىدى.
ئۇ ئېسىنى تاپقىچە بولدى يېتىم،
مۇڭغا چۆمدۈردى ئۇنى پېشكەل ئېقىم.
يەتتىگە كىرمەي تۇرۇپ باقتى پادا،
ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن تىنىم تاپماي ئۇدا.
كۈندۈزى ئورنى ئۇنىڭ جاڭگال - داۋان،
ئاخشىمى زەي گەمە بار ئۇخلايدىغان
قونسىمۇ ھەر - ھەر ئېغىر دەرت ئۈستىگە،
ئايلىنىپ تارمۇشتا، تولدى بەستىگە...
بۇ يىگىتنىڭ زېھنى بەك ئۆتكۈر ئىدى،
ھەم بىلىمگە ئىشتىياقى زور ئىدى.
شۇڭا بىر موللام ئۇنىڭغا مەز بولۇپ،
خەت ئۈگەتتى ئاخشىمى ئۇستاز بولۇپ،
خەت، بىلىمدىن نۇر ئېلىپ ئۇ ئەقلىگە،
نەي بىلەن راھەت تاپاتتى كۆڭلىگە...
يېشىمۇ يىگىرمىگە توشتى ئۇنىڭ،

تىغ يېتىملىك دەرددىمۇ ئاشتى ئۇنىڭ.
بولدى ئەمدى شۇنى ھەم ئويلايدىغان،
كەلگۈسىدىن تېخىمۇ غەم يەيدىغان:
«تاق ئۆتەرمەنمۇ جاھاندىن مەن يېتىم،
يوققۇ نامراتلىقتىن ئۆزگە ئىللىتىم،
بارمىدۇ ئۆمرۈمگە ھەمدەم جۈپ ماڭا،
كۆڭلى كۆڭلۈمگە ئىجىل مەھبۇپ ماڭا؟...»
كۆڭلىگە بىر قىزنى ئۇ پۈككەن ئىدى،
ئاشۇ قىزدىن بەختىنى كۈتكەن ئىدى.
قىزغا گايى كۆز قىرىنى سالسىمۇ،
سۆز قىلاي دەپ ئارقىسىدىن بارسىمۇ،
يوق ئىدى ئېغىز ئېچىشقا جۈرئىتى،
ئۈندىمەيتتى ئىچىگە يۇتكەن پېتى.
ئۇ يارايتتى بەزىدە قىزغا بېقىپ،
يوللىيالمايتتى بولۇپ ئۇ نائۇمىد.
ئەزسىمۇ كۆڭلىنى مۇڭ ـ قايغۇ كېلىپ،
ئۆز ـ ئۆزىنى خۇش قىلاتتى نەي چېلىپ...

※ ※ ※

بار ئىدى نۇرۋان ئىسىملىك قىز بالا،
ھەممە قىزدىن ـ ھەممە گۈلدىن ئۆز بالا.
يېشىمۇ ئون ئالتىگە ماڭدى بۇ يىل،
ھۆسنىدىن ئون ئالتە كۈنلۈك ئاي خىجىل.
يەلپۈنەتتى بەلدە بوستان چاچلىرى،

«تاغدىكى بەرگى قىياقتەك قاشلىرى».
«تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك كۆزلىرى»،
تىترىتەتتى دىلنى كۈيدەك سۆزلىرى.
ئەسلىتەتتى لەۋلىرى گۈل - غۇنچىنى،
چىشلىرى گويا سەدەپ يا ئۈنچىنى.
ئەسلىتەر سەرۋىنى قەددى - تۇرسا ئۇ،
لەۋلىرىدە گۈل ئېچىلغاي - كۈلسە ئۇ...
ئون يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ،
قالدى تىغ يېتىم بولۇپ غېرىبسىنىپ.
ئاتىسىنى ئوغرى ئۆلتۈرگەن ئۈچۈن،
ئاتىنىڭ ھىجرىدە كۆيدۈرگەن ئۈچۈن،
گەپ ئېچىلسا ئوغرىدىن رەڭگى ئۆچۈپ،
شۈركىنىپ كېتەتتى قورقۇپ ياش تۆكۈپ.
بۇ چۆچۈشتىن قالدى ئۇ بارغانسېرى،
يىل ئۆتۈپ چۈشەنچىسى ئاشقانسېرى.
ناخشىدىن تاپتى تەسەللا تەشۋىشى،
كۆندۈرۈپ ھەر خىل جاپاغا تۇرمۇشى.
ئۈستى كۈلپەت پەنجىدە مەزمۇت بولۇپ،
ھەممە ئىشتا ئانىغا قول - پۇت بولۇپ...

※ ※ ※

بىر كۈنى نۇرۋان ئېتىزلىقتا بېرىپ،
يۈرگىنىدە ياقىلى تەمەچ تېرىپ.
ئاڭلىدى نەدىندۇ نەينىڭ ئۈنىنى،

ئۇن ئەمەس، ھەمدەرت بىراۋنىڭ مۇڭىنى.
شۇ ھامان تەمەچلىرىنى تاڭدى ئۇ،
ئىختىيارسىز نەيىنى تىڭشاپ ماڭدى ئۇ.
ئەيمىنىشنى يەڭدى نەيگە رىغبىتى،
كەلدى دەريا بويىغا ماڭغان پېتى.
كۆردى بىر دۆڭلۈكتە نەي چالغۇچىنى —
كۆڭلىگە زوق - ئىشتىياق سالغۇچىنى.
سايرىشاتتى نەيگە كاككۇك جۈر بولۇپ،
مەھلىيا بولغان كەبى خەندان ئۇرۇپ.
ئىختىيارسىز گۈل - گىيالار يەلپۈنۈپ،
ئۇينىشار ئۇسۇل شۇ نەيگە تەلپۈنۈپ.
ئولتۇرۇپ قىز شۇندا تەمەچ ئۈستىگە،
تىڭشىغاچ مۇڭ، باقتى نەيچى ھۆسنىگە.
تىڭشىغاچ مۇڭ، تىڭشىدى ئۆز قەلبىنى،
قىلدى تەڭكەش نەيچىگە زوق - مەيلىنى...
ئەسلىدە نۇرۋان تونۇيتتى نەيچىنى،
كۆرمىگەن لېكىن مۇشۇنداق پەيزىنى.
كۆرسە بەزەن خۇش مۇلايىم تۇرقىنى،
ئاڭلىسا ئەلدىن مىجەزى - خۇلقىنى.
كۆڭلىنىڭ قانداقتۇ بىر زىل جايىدا،
قوزغىلاتتى بىر نازۇك كوي گايىدا.
ئەمدى ئۇ نەي پەيزىدىن كەڭ دالىدا،
ئۇچرىشىپ قالدى ئاجايىپ خالىدا.
نە ئۇچۇندۇر، نەيچى سالمايدۇ نەزەر،
قىزغا قاراشتىن يا ئەيلەمدۇ ھەزەر؟

دۆتموٴ يا يوقموٴ يەكىتلىك توٴيغوٴسى، !
بارمىدوٴ ياكى بۆلەك بىر قايغوٴسى.
توٴرسا شوٴنچە تەلموٴروٴپ قىز ئالدىدا،
نە بولاتتى قىلسا بىر سۆز دالدىدا.
يەنە ئارتوق ئولتوٴروٴشتىن ھارسىنىپ،
قايتتى نوٴرۋان كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ.
ئەتىسىموٴ كەلدى قىز بىر - بىر بېسىپ،
قوٴلىقىغا چوغ كەبى چوغلوٴق قىسىپ.
ئولتوٴروٴپ موٴڭ تىڭشىدى ئوٴ بىر ھازا،
گەپ قىلاي دېدى، بىراق تارتتى ئىزا.
ئۆگوٴنى كەلدى يەنە موٴڭ تىڭشىدى،
نەيگە ئۆز كۆڭوٴل كوٴيىنى تەڭشىدى.
بىر ھازادا ئورنىدىن توٴرغان ئىدى،
نە ئوٴچوٴندوٴر ئارقىسىغا يانىدى.
شوٴندا قوٴربان نەي چېلىشتىن توختىدى،
ئىختىيارسىز ئىچ - ئىچىدىن «ئوٴھ» دېدى.
توٴردى ئاستا قەلبىدىن بوٴيروٴق ئېلىپ،
كەلدى قىزغا بىر توٴتام چوغلوٴق ئېلىپ.
كەلدى، لېكىن يەردىن ئالماي كۆزنى ئوٴ،
قىلدى مىڭ تەسلىكتە موٴنداق سۆزنى ئوٴ:
«سىزنى مەن چوغلوٴققا ئامراق قىزغوٴ دەپ،
تاغدىن ئەپكەلدىم پەقەتلا سىزگە دەپ».
ئاغزىدىن چىققاندا تىترەپ بوٴ سۆزى،
قىزىرىپ چوغلوٴققا ئايلاندى يوٴزى.
ئالدى قىز چوغلوٴقنى باستى باغرىغا،

ئاللا نەدىن كەلدى شۇ سۆز ئاغزىغا:
«راست ئىدى چوغلۇققا بەك ئامراقلىقىم،
سىزگىمۇ مەلۇم ئىكەن شۇنداقلىقىم.
ئاما سىز چالغان ئاشۇ نەيىنىڭ ئۈنى،
نە ئۈچۈندۇ قىلدى بەك مەپتۇن مىنى...»
شۇندا قۇربان خۇددى ئىچكەندەك گۈلاپ،
«نە ئۈچۈن» گە بەردى مۇنداق دەپ جاۋاب:
«نەي مىنىڭ كۆڭلۈم كۈيى، كۆڭلۈم سۆزى،
بىلىسىز بۇ بەلكى كۆڭلۈمنىڭ ئۆزى.
مەن كەبى مۇڭلانسا ئاڭلاپ كىم ئۇنى،
ئۆزىگە سەزگۈسى ئۆز بەلكىم ئۇنى...»
قىزغا بۇ سۆز ئۆز سۆزىدەك ئاڭلىنىپ،
كۆڭلىدە «بەلكىم» سۆزى جىق ئايلىنىپ،
ئۆرلىگەن ئوتلۇق ھاياجان تەپتىدە،
شۇ ھامان مەگزى قىزاردى ھۆپپىدە.
مەنا ئىزلەپ شۇ قىزلىقتىن يىگىت،
قوندۇرۇپ كۆڭلىگە بىر شېرىن ئۈمىت،
دېدى قۇربان: -«مەن ئورۇق - مىسكىن يېتىم،
شۇ سەۋەبتىن دەرت - ئەلەملىك قىسمىتىم.
سىز ئوماق قىزنىڭ كېلىپ سۆز قىلغىنى...
خۇددى تۈننى ماڭا كۈندۈز قىلغىنى...»
قىز قاراپ قۇربانغا، بىر چوڭقۇر تىنىپ،
تاپتى بىر سۆز، سۆزىدىن تەسىرلىنىپ:
«مەنمۇ سىزدەكلا ئورۇق، مۇڭلۇق»، دېدى،
«ئەمما ئورۇقنىڭ دىلى يورۇق» دېدى.

ئىككىسى سىرداش بولۇپ شۇندىن بېرى،
مۇڭدىشىپ، ئامراقلىشىپ بارغانسېرى.
دېيىشىپ «قۇربان بىلەن نۇرۋان سۆزى،
بىر بېيىتقا ئوخشىدى بەكمۇ ئۆزى».
دېيىشىپ «ئوخشايدىكەن مۇڭ - ھالىمىز،
بەزنى جۇپ قىلغاي نىيەت - ئىقبالىمىز».
چۇمپۇتۇپ ھەربىرسى دىل ئىزھارىغا،
باغلىنىپ قالدى مۇھەببەت تارىغا...
بايقىغانتى ئايسىخان كۈندۈز - كېچە،
قىزى نۇرۋانىسىنىڭ مېجەزى ئۆزگىچە.
ئاتىسى ئۆلگەندە قىز ئون ياش ئىدى،
ئۇندىن ئاۋال غېمى يوق، بەگۋاش ئىدى.
چوڭ كىتابلارنى كۆرۈپ ھەيران ئىدى.
ئانچە - مۇنچە خەت تونۇپ قالغان ئىدى.
قايسى كۈن بولدى يېتىم، غەمكىن بولۇپ،
خۇي - مېجەزى ئۆزگىرىپ، تەمكىن بولۇپ.
ھەممە ئىشتا ئانىغا ھەمدەم ئىدى،
قىز خۇيىدىن ئانا خاتىرجەم ئىدى.
شۇندىمۇ ھەم كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ،
ھەر دۇئادا تەڭرىدىن قىلدى تەلەپ:
«ئاتىدىن قىز بىمەھەل بولدى جۇدا،
بەختىنى قىلما قارا ئەمدى خۇدا.
قىز كىنەمنىڭ بېشىغا سالما بالا،
قىلمىغىن ئوغرىغا ھەرگىز مۇپتىلا.
قالمىسۇن مەندىن كېيىن بويىنى قىسىپ،

ئاڭا دۆلەتمەن يىگىتنى قىل نىسىپ!...»
...ئەمدى قىزنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپ،
قويدى ئىشنى ئانىغا سەل سەزدۈرۈپ.
بىر كۈنى دېدى ئانا: «ئولتۇر قىزىم!
راستمۇ - يالغانمۇ قىياسىم پەرىزىم؟
ئەتىيازدىن ئۆزگىچە كەيپىڭ سىنىڭ،
بىر گۇمان ئەگمىدۇ كۆڭلۈمنى مىنىڭ.
ئېيتقىنا سەن كىمگە باغلىدىڭ ئۈمىد،
سىنى مەپتۇن ئەيلىگەن قانداق يىگىت؟»
قىزمۇ شۇ گەپنى كۈتەتتى ئانىدىن،
ئەمدى گەپنى ئاچتى ئۇشبۇ بانىدىن.
ھىچ يوشۇرماي راستىنى ئۇ سۆزلىدى،
ئانىدىن ماقۇل جاۋابنى كۆزلىدى.
ئانىسى ئاڭلاپ بۇ سۆزنى ئاھ ئۇرۇپ،
بېشىنى چايقاپ ئۆزىچە قايغۇرۇپ.
«توۋا قىلدىم، سەن ئۆزەڭ قانداق بالا؟
يۇلتۇزۇڭنى كۆرمىگىن پەس ئۇنچىلا.
پادىچى قانداقمۇ بولسۇن تەڭدىشىڭ،
ئۆمسە گەپقۇ، قالدىمۇ ئايىنىپ بېشىڭ؟»
ئانىنىڭ بۇ دوقلىرى قىلدى ئەلەم،
كۆڭلىگە سانچىلدى بىر نەشتەر شۇدەم.
ئۆرتىنىپ ئاتەشتە قىزنىڭ ئىچ - تېشى،
كۆزلىرىدىن ئاقتى مۆلدۈرلەپ يېشى.
دېدى: «سىزدىن مەن بۇ گەپنى كۈتمىگەن،
تەڭدىشىڭ ئەمەس دېگەنمۇ گەپمىكەن.

دەيتتىڭىز دەرتمەن ئۈچۈن دەرتمەن قاياش،
ياخشىغۇ جۈپ بولسا دەرتمەن ئىككى ياش.
يارىشامدۇ كەمبەغەلگە چوڭچىلىق،
بەزنى قويغاي كۆلكىگە پورتۇڭچىلىق.
ئۈنچە كەمستمەڭ ئانا قۇربانىنى سىز،
كونا چاپان ئىچرە پاك ئىنسانىنى سىز.
بولسىمۇ جۇل ـ جۇل، ياماق ئەگلى ئۈنىڭ،
ماڭا ئالتۇندىن ئېسىل كۆڭلى ئۈنىڭ.
بۇزسىڭىز زورلاپ مېنىڭ ئەھدىمنى سىز،
قىلىسىز بەربات چوقۇم بەختىمنى سىز.
بەرسىمىز قۇرباندا كۆڭلۈم تىزگىنى،
مەن ياراتمايمەن ئۈنىڭدىن ئۆزگىنى...»
قاخشىغاچقا جېنىنىڭ چانانىسى،
بىر ھازا تەڭلىكتە قالدى ئانىسى.
ئاخىرى، قىز بۇزمىسۇن دەپ پەيلىنى،
چامى يەتمەي رەت قىلىشقا مەيلىنى.
بەزلىدى: «بولدى، قىزىم، كۆپ يىغلىما،
يۈرىكىمنى كۆز يېشىڭدا داغلىما.
خەيرىيەت، نالەڭ ئۈچۈن، ماقۇل قىزىم،
بىر ئۆمۈر قۇربانغا ھەمرا بول قىزىم.
ئۆتكۈزەرمىز كۈزگە تارتىپ توينىمۇ،
ئاڭغىچە ئوڭشاپ ئالارمىز ئۆيىنىمۇ».

※ ※ ※

قۇيغىنا، ساقى، لەبالەپ مەي ماڭا،

بىر خۇمار يەتكۈزدى مۇڭلۇق نەي ماڭا،
نەينى تىڭشاپ، مەي ئىچىپ، مەنمۇ كۈلەي،
سۆيگۈ ئەھلىگە سالامەتلىك تىلەي.

## ئىككىنچى باب

ھاجىباي دەپ كاتتا بىر باي بار ئىدى،
ئالدىدا بەگلەرمۇ پەرماندار ئىدى.
بار ئىدى بەكرى دېگەن بايۋەچچىسى،
سەيلىگە قاترايتتى ئۇ ھەر ھەپتىسى.
ياندىشىپ بىرقانچە ئۇلپەت - دوستلىرى،
ھەممىسى ئىشرەتخۇمار تەگتۇشلىرى.
ئارغىماقلارغا مىنىپ، ئېغاڭلىشىپ،
ئۇۋ قىلاتتى قىشلىقى تاغلار ئېشىپ.
يازدا دەريا بويىدا سورۇن تۈزەپ،
يەپ - ئىچىپ ئوينار ئىدى گايى تۈنەپ.
يېشىمۇ بايۋەچچىنىڭ ئوتتۇزمىكىن،
توي قىلىپ ئالغان قىزى توققۇزمىكىن.
ئالدىرايتتى توي قىلىشقا ھەر يىلى،
يىلمۇ ئۆتمەي كېكىرىپ ئايرىلغىلى...
بىر كۈنى بايۋەچچە قايتىپ سەيلىدىن،
ئۆتتى يامغۇردىن قېچىپ بىر مەلىدىن.
بىر جۇدۇن كەلدى بۇلۇتنى يامرىتىپ،
ھەمدە ئاتەش قامچىنى تارسىلدىتىپ.
ھەممە ئادەم قاچتى ئۆيگە، دالدىغا،

بەكرىمۇ كەلگەنتى مەسچىت ئالدىغا.
ئۇچرىدى بىر قىز بالا تەمەچ يۇدۇپ،
يۇگرىگەنچە ئالدىدىن كەتتى ئۆتۈپ.
بەكرىنىڭ چۇشتى كۆزى قىز ھۆسنىگە،
ئۇچرىغاندەك بىر كارامەت غەزنىگە.
قالدى ھەيران ياقىسىنى چىڭ تۇتۇپ،
«پاپەرىم» دەپ ئىچىگە ئارمان يۇتۇپ.
ئۆزىگە دىدى شۇ سۆزلەرنى ئۆزى:
«كىمدۇ بۇ، نەدىن ئۆزى، كىمنىڭ قىزى؟
ئايمىدۇ، چولپانمىدۇ، ئەختەرمىدۇ،
يا بىھىشتىن يەرگە چۇشكەن ھۆرمىدۇ؟
ئاڭلىغان ئىدىم گۆھەر بار سايدا دەپ،
تاپمىساڭ تونۇپ ئۇنى نە پايدا دەپ.
بۇ گۆھەرنى ماڭا ئۇچراتتى خۇدا،
كىر گۇزەي خەزىنەمگە دەرھال ۋاقتىدا...»
توختىغانتى بىر مەھەل ياققان يىغىن،
بەكرىمۇ چىقتى تالاغا دالدىدىن.
ئۇ بۇ يەردىن ئىزلىگەندەك بەختىنى،
ئۇچرىغاندىن سورىدى قىز تەكتىنى.
بىلدىكى، شۇ مەلىلىك سەھرا قىزى،
ئىتى نۇرۋان، تۇل خوتۇننىڭ يالغۇزى.
بۇ جاۋابلاردىن ئۆزىچە خۇش بولۇپ،
بەلكى مەي ئىچكەندىن ئارتۇق مەس بولۇپ.
قايتىلى دەپ تۇرغىنىدا بىر كىشى—
دىدى: «باغلاقلىق بۇ قىزچاقنىڭ بىشى».

ئۆگدى بايۋەچچە بۇنى ئاڭلاپ شۇئان،
ئىچىدىن تولغاندى چاقماندەك چايان.
سورىدى: «كىمدۇ بۇ قىزنىڭ لايىقى،
بارمىكىن بىر مەنسۆپى يا بايلىقى؟»
دېدى: «ئۇ بىر پادىچى نەيچى يىگىت،
نەي چېلىشتا مىسلى يوق كۈيچى يىگىت.
ئېتى قۇربان، بەستى قاۋۇل، توغرى سۆز،
چېھرى ئىللىق، قۇۋلىقى يوق، كۆڭلى تۈز.
يوق ئاڭا ھېچنەرسە نۇرۋاندىن ئېزىز.
كۆرىدۇ قىزمۇ ئۇنى جاندىن ئېزىز.
خېلى بولدى ئەل ئارا گەپ بولغىلى،
بىرسى كاككۇك، بىرسى زەينەپ بولغىلى...»
بىئارام قىلدى بۇ سۆز بايۋەچچىنى،
دېدى قۇربانغا ئىچىدە: «خەپ سېنى،
كىم قويۇپتۇ ساڭا ئالدىمنى توراپ،
پۈتىنى سۇنساڭچۇ يىپىنچاڭغا قاراپ.
بولسىمۇ قىز قانچىلىك تەرسا تۆلەك،
بەرىبىر تىللاغا ئامراق سېكىلەك.
ئۇ تۆلەكنى رام قىلىپ چۆنتەككە مەن،
ئەر ئەمەس، كەلتۈرمىسەم ئىندەككە مەن.
كۆڭلىگە بەردى تەسەللا بۇ ئويى،
ئىزلىدى ھەرخىل ئامالنى يول بويى.

※ ※ ※

ئۇ شەھەرگە كەلدى - دە، ئاتنى چېپىپ،

بىر مۇغەمبەر قېرى دەللالنى تېپىپ،
قويىندىن بىر نەچچە تىللانى ئېلىپ،
مەقسىدىنى بىرمۇ - بىر ئىزھار قىلىپ.
«ھۈنىرىڭنى ئايىماي كۆرسەت» دېدى،
«كەتمىسۇن قولدىن چىقىپ پۇرسەت» دېدى.
چۇشتى - دە، تىللاغا دەللالنىڭ كۆزى،
تېخىمۇ پۇرلەشتى شاتلىقتىن يۈزى.
ھېچىيىپ بايۋەچچىگە بەردى جاۋاب:
«كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەكلىك ساۋاب.
ئەتىلا مەن ئاپىلماي شۇ مەلىنى،
سىنچىلاپ تىڭشاپ كۆرەي قىز مەيلىنى.
تاپقۇلۇق تەدبىرنىمۇ شۇندىن كېيىن،
بولمىسا ئاغرىق ئېمىق، ئەملەش قىيىن.
مەن شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر ئىش قىلاي،
كۆڭلىڭىزنى خۇددى تاغدەك خۇش قىلاي...»
بۇ جاۋابتىن تاپتى بايۋەچچە ئارام،
كۆرسىتىپ دەللال مۇمايغا ئېھتىرام.
قايتىشىدا دېدى: «قەرزدارمەن يانا،
دۇررۇ - گۆھەر سەندىن ئايلانسۇن ئانا.»

※ ※ ※

بەكمۇ تەستە ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ،
ئولتۇراتتى ئۆيدە بايۋەچچە كۈتۈپ.
بىر ھازادا كەلدى دەللال دۈمچىيىپ،

باقتى بەكرىنىڭ كۆزىگە ھېچمىسپ.
ئۇلتۇرۇپ ماۋۇق تۆشەكتە، ئاچتى سۆز:
«پەرىزىمچە، سىزگە تەلەي ئاچتى كۆز.
مەن كۆرۈپ كەلدىم ئۇ قىزنى سىنچىلاپ،
بەزىلەردىن سورىدىم ئاسماقچىلاپ.
قىلچە نۇقسان يوق ئىكەن قىز ھۆسنىدە،
سىزگىلا لايىق ئىكەن ئۇ ئەسلىدە.
ئەمما سەھرا ئەھلىدىن بولغاچقىمۇ،
ئەھلى دۆلەتتىن يىراق تۇرغاچقىمۇ،
ئۆز باھاسىنى بىلەلمەپتۇ ئۆزى،
بەس، بەلەننى پەرق ئېتەلمەپتۇ كۆزى.
كۆرمىگەچكە بەگ - خېنىملار بەزمىنى،
ئاڭلىماي كەلگەچكە نەيدىن ئۆزگىنى.
پادىچى نەيچى ھەمىشە نەي چېلىپ،
ئاپتۇ قىزنى ئۆزىگە شەيدا قىلىپ.
راست دېگەندەك، ئەل ئارا گەپ بوپتۇدەك،
بىرسى كاككۇك، بىرسى زەينەپ بوپتۇدەك.
يوق تۇرۇپ تۆت تەڭگە پۇلنىڭ تايىنى،
پات يېقىندا ئۆتكۇزەرمىش توينى.
مەن بۇ ئىشقا پەم - پاراسەت ئىشلىتىپ،
ھەم سالاپەت ھەم خۇشامەت ئىشلىتىپ.
قىزنى سوۋۇتماق بولۇپ نەس نەيچىدىن،
سورىدىم قىز خۇلقىنى ھەر قايسىدىن.
ئاتىسىنى ئوغرى ئۆلتۇرگەن ئىكەن،
قىز شۇڭا ئوغرىدىن بەك ئۆچمەن ئىكەن.

ئاڭلىسا «ئوغرى» دېگەن سۆزنى شۇئان،
بولغىدەكمەش كۆڭلى مۇزلاپ قەھرىتان.
دەل مەشە ئوقنىڭ نىشانى بىلسىڭىز،
بەلكى سەزگەنسىز زېرەك ئەر بولسىڭىز.
شۇڭا بىر ئەپچىل ئويۇن ئويناپسىلا،
پادىچى ئوغرى ئاتاققا قالسىلا.
چىقىدۇ قىزنىڭمۇ باغلاقتىن بېشى،
ئۆز - ئۆزىدىن ئوڭشىلار قالغان ئىشى...»
بەك يېقىپ بايۋەچچىگە بۇ مەسلىھەت،
كۆڭلىگە تولدى ئىشەنچ، مەمنۇنىيەت.
ئاپىرىن ئەيلەپ مومايىنىڭ پەمىگە،
بولدى چۇشمەك شۇ ئامالنىڭ كەينىگە.
بۇ مومايىنى ئالغىلى چىڭ نوقتىلاپ،
سۇندى زەر، ئېيتتى شۇ سۆزنى قايتىلاپ:
«قوللىنايلى تېزلا بۇ تەدبىرنى بىز،
ئەمما بەك پىنھان تۇتايلى سىرنى بىز».
ئالدى دەللال ئەجرىنى تازىم قىلىپ،
ھەم دېدى شۇ سۆزنى ئىلھامى كېلىپ:
«راست، غوجام، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلغۇلۇق،
ئىشىڭىز ئوڭ، ئالدىڭىز بولسۇن يورۇق.
زەپمۇ تاللاپسىز غوجام ئۇز غۇنچىنى،
مەن تاپاي بۇ ئىشقا لايىق ئەلچىنى.
گەرچە سىزدىن چۇشسىلا ھاجەت ماڭا،
جانغا ئەسقاتسام، بۇ ئىش راھەت ماڭا...»
ئېگىلىپ دەللال چىقىپ كەتكەن ھامان،

تېز تەرەددۇت قىلدى بايۋەچچە شۇئان،
بىر ھازا ئويلاندى، ئاندىن دەس تۇرۇپ،
قامچىسىنى قونچىسىغا قىستۇرۇپ.
مىندى دەرھال ئارغىماقنىڭ ئۈستىگە،
چۈشتى قۇربانى چىماغلاش قەستىگە.
غالچىلاردىن نەچچىنى تەكرار ساناپ،
ئىككىنى ئۆز قەستىگە ھەمكار ساناپ.
ئالدىدا ئەپچىل خىلەكنى تاپتى - دە،
ئارقىدىن گاڭگۇك ئىلەكنى قاتتى - دە،
جەم قىلىپ بىر يەردە ئىككى غالچىنى،
تۆكتى تىللا تەڭگىدىن بىر قانچىنى.
مۇددىئانى قىلدى بىر - بىرلەپ بايان،
غالچىلارغا بولدى خىزمەتمۇ ئايان.
«خوپ» دېيىشتى غالچىلار پۇلنى ئېلىپ،
مەيدىگە ئۇردى خىلەك قولنى بېرىپ:
«مۇنچىلىك ئىش قانچىلىك ئىش بىز ئۈچۈن،
ئايىمايمىز جاننىمۇ بىز سىز ئۈچۈن،
تەس ئەمەس يالغاننى ئۆرۈپ چىن قىلمىش،
يالا چاپلاپ ئەۋلىيانى جىن قىلمىش.
بولدى بايۋەچچە بېرىپ ئارام ئېلىڭ،
نەيچىنى چەيلەپ تۇرۇپ باپىرام قىلىڭ!»

※ ※ ※

ساقى، مەينى جام بىلەنلا نوش قىلاي،

مەستلىكىمدىن خۇددى شىرغا ئايلىناي.
بۆرى، تۈلكە كەينىدىن قوغلاپ باراي،
نەدە تۇتسام چاڭ سېلىپ تۇنجۇقتۇراي.

## ئۈچىنچى باب

يازمۇ ئاخىرلاشتى، كەلدى كۈز يېتىپ،
ياپ يېشىللىق ئۈستىگە سېرىق يېپىپ.
شېخىدىن چۈشمەكتە ياپراق سارغىيىپ،
قالدى ئالچۇقلار يالاڭغاچ، قىڭغىيىپ.
بەزىلەرگە سۈندى كۈز زەرباپ چاپان،
بەزىلەرنىڭ رەڭگىنى قىلدى سامان.
كەمبەغەلنىڭ ئالدىراش بەكمۇ ئىشى،
چۈنكى ھەيدەيدۇ ئۇنى قىش تەشۋىشى.
ئەمما قۇربان قايغۇدا ھەم كۈلكىدە،
زىددىيەتلىك كەيپىياتنىڭ ئىلكىدە.
كۈلكىسى— پات ئارىدا توي بولغۇسى،
مېھرىبان جۈپتى بىلەن جەم بولغۇسى.
قايغۇسى شۇ — قولى بەك قىسقا ئۇنىڭ،
ھەمدە كەم ھازىرلىقى قىشقا ئۇنىڭ.
دېسەمۇ نۇرۋان ئۇنىڭغا: «غەم يېمەڭ،
بولمىدى تەل دەپ تېڭىرقاپ، مەڭدىمەڭ.
تويلىقى يوق دەپ قويۇپ سىزگە ئەيىپ،
مەن ئەمەس قالغۇچى تويدىن يالتىيىپ.
ئىككىمىزنىڭ بېشىمىز بولسا ئامان،

رەڭگىمىز بولماس خىجالەتتىن سامان...»
دەيدۇ ئەمما ئايسخان: «ياق، توي دېگەن،
ئۆتمىسە تويدەك، ئۆسەك ئاۋۇيدىكەن.
جايىدا بولسۇن بىسات ھەم سوغىسى،
ھەم كۆرۈنسۇن مەلىدە داغدۇغىسى...»
قىلغىلى ئىمكان قەدەر تويلۇقنى تەل،
چارە ئىزلەپ باغلىدى قۇربانمۇ بەل.
ئانچىمۇ زىغىرلىماستىن نەرقىنى،
يىغدى يىللىق پادا باققان ھەققىنى.
قالمىسۇن دەپ بۇ يېتىم بەك گاڭگىراپ،
دوستلىرى ھە - ھۇ دېيىشتى ھال سوراپ.
كۆپكە تەن بولغۇسى ئازمۇ بەزىدە،
گۇلگە تەڭ بىر باش پىيازمۇ بەزىدە.
تاپقىنىغا شۈكرى ئەيلەپ خۇش بولۇپ،
تويغا ھازىرلاندى كۆڭلى جۇش ئۇرۇپ.

※ ※ ※

ئاخىرى قۇربان شەھەرگە يول ئېلىپ،
تويلۇق ئالماق بولدى بازارغا كېلىپ.
تېخىچە ئۇ چوڭ شەھەرگە كىرمىگەن،
بۇ قەدەر قايىنام بازارنى كۆرمىگەن.
رەستىلەرنى ئايلىنىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ،
بىر تۇرۇپ ئېزىپ كېتىشتىن قايغۇرۇپ.
بىر دۇكانغا كىردى ئەتلەس ئالغىلى،

تۇردى ھەر خىل نەرسىگە سەپ سالغىلى.
ئاخىرى چۈشتى كۆزى ئەتلەسكىمۇ،
سوزدى مال نەرقىنى بەك تەستىمۇ.
كۇلدى قۇربانىنىڭ سۆزىدىن سودىگەر،
دېدى: «سەندە ئاقچا كۆپمۇ شۇ قەدەر؟
كۇلكە بولما باي - بېگىملەرنى دوراپ،
تاللىغىن سەن مالنى ھالىڭغا قاراپ.»
دېدى ھار كەلگەچكە بۇ گەپ نەيچىگە:
«ساتىمەن دېسە،كچۇ ئاۋال مۇنچىگە.
ئەل دېگەننى مەنمۇ دېدىمغۇ ساڭا،
ياكى بۇنداق گەپ ياراشمادۇ ماڭا!»
سودىگەرگە بەك ئېغىر كەلدى بۇ گەپ،
رەڭگىگە چىقتى شۇڭا ئۆزلەپ غەزەپ.
«ماڭغىنا بىلجىرلىماي» دەپ قوغلىدى،
ماڭمىغانتى، «ئىتمۇ سەن، كەت، چاغ!» دېدى.
بەردى قۇربانمۇ ئاڭا مۇنداق جاۋاب،
«ئىت دېگەن قوغلايدۇ ئادەمنى قاۋاپ.»
سودىگەر يېرىلغۇدەك بولدى كۆپۈپ،
ئېتىلىپ ئۇرماقچى بولغانتى تۇتۇپ.
دەل شۇ چاغدا بەرسى: «ۋايجان، ئوغرى!» دەپ،
«سوقتى ئون تىللانى شەيتان ئوغرى» دەپ.
سالدى پەريات ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ،
قالدى قۇربانمۇ ئاڭا ھەيران بولۇپ.
توۋلىغان كىم دىسىڭىز، ئەپچىل خېلەك،
يار - يۆلەك بولدى ئاڭا گاڭگۇك ئېلەك.

ئىككىسى تۇستى ئىشىكنى شۇ ھامان،
بولدى ھازىر نەچچە مىرشاپمۇ شۇئان.
قاپسىلىپ قالغان خىرىدارنى تۇتۇپ،
خۇددى ئادەم يەيدىغاندەك قورقۇتۇپ.
«قايسى پاسىق ئۇنتۇغان ئاللانى؟» دەپ،
«قايسى ئوغرى ئالغان ئۇن تىللانى؟» دەپ
ھەممىسىنىڭ بوغجۇسىنى يەشتۇرۇپ،
ھەممە يانچۇقلارنى بىر - بىر تەكشۈرۈپ.
ئاختۇرۇپ بىر قانچىسىنى، «يوق» دېدى،
قىلىسىمۇ ھەر قانچە، تىللا چىقمىدى.
ئاختۇرۇش كەلگەندە قۇربانغا يېتىپ،
خورجۇنىدىن ئالدى تىللانى تېپىپ.
ھەممىسى قۇربانغا مىڭ لەنەت ئوقۇپ،
تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇپ، نوقۇپ - چوق
«ئوغرىلاتقۇچى» تۆكەردى يۈزىگە،
تىقتى ھەتتا قوللىرىنى كۆزىگە.
چەكچىيىپ ھەيرەتتە قۇرباننىڭ كۆزى،
تېنى شۈركەندى، ئۆڭۈپ كەتتى يۈزى.
قەھرى ئۆرلەپ، لەۋلىرى تىترەپ ئۇنىڭ
ئاغزىغا كەلدى ئاران شۇ گەپ ئۇنىڭ.
«قايىنماڭلار، مەن بۇ ئىشتىن بىخەۋەر،
بەلكى قىلغاندۇ بۇنى بىر سىھرىگەر.
ئانت ئىچەي تىلغا ئېلىپ ئاللانىمۇ،
مەن كۆرۈپ باققان ئەمەس تىللانىمۇ.
مەن ئەزەلدىن ئوغرىنىڭ ئەڭ دۈشمىنى،

پاك نىيەت قىلغان ھالال تۇرمۇش مېنى.
ئۇقمۇدۇم، نەدىن يېپىشتى بۇ كاشال،
بىگۇنا ئادەمگە قىلماڭلار ئۇۋال ...»
بولسىمۇ ئاق ئۆزىگە قۇربان ئۆزى،
قىلمىدى ھېچكىمگە تەسىر بۇ سۆزى.
شۇندا مىرشاپ شالىنى پۇرقۇپ تۇرۇپ،
توۋلىدى قۇربانغا قول شىلتىپ تۇرۇپ:
«بولدى، بىھۇدە ئۆزەڭنى ئاقلىما،
نەق دەلىل ئالدىدا مۇنچە تاقلىما.
بىزگە مەلۇم ئوغرى شەيتان كېلىدۇ،
ھەمدە ھازازۇلدىنمۇ گەپدان كېلىدۇ.
ئالدىمىزدا ئەمدى مايمۇن ئوينىما،
بېشىمىزنى سەن قاپاق دەپ ئويلىما.
قىلمىشىڭ راست، سۆزلىرىڭ يالغان سېنىڭ،
شۇڭا جەزمەن مەنزىلىڭ زىندان سېنىڭ».
بۇ ئەلەمدىن قالدى قۇربان گاڭگىراپ،
يان - يېنىغا كەلدى مىرشاپلار ئوراپ.
ئىككىلەنمەي تۇتتى ئۈچ مىرشاپ ئۇنى،
ماڭدى ھەيدەپ تاسمىدا باغلاپ ئۇنى.
شۇندا قۇربان سالدى دات ئەلگە قاراپ:
«كىم ئېنىقلايدۇ ھەقىقەتنى سوراپ؟
نېمە بۇ، توھمەتچىنىڭمۇ بۇ شەھەر؟
ھەق ئاياق ئاستى بولامدۇ شۇ قەدەر؟!...»
شۇندا مىرشاپلار «مۇغەمبەر» دەپ ئۇنى،
ماڭدى دۈشكەلەپ ئۇرۇپ، سۆرەپ ئۇنى.

سودىگەرمۇ قالدى تىللاپ ئارقىدىن:
«ئوغرىلىق (مەن دەپ تۇراتتى تۇرقىدىن)؟»
ھالىغا باقماي سۆزىنىڭ چوڭلۇقى،
تاۋىنىڭ نازۇكلۇقى ھەم توڭلۇقى.
ئاچچىغىمنى بەكمۇ كەلتۇرگەن ئىدى،
ۋاقتىدا ئوبدان جازاسىنى يىدى...»
تەڭگە سىغماي غالچىلارنىڭ خۇشلۇقى،
ئالچۇ چۇشكەندەكلا ئامەت ئوشۇقى،
كۆز قىسىپ بىر - بىرسىگە يەر ئاستىدىن،
دىيىشىپ چۇشتۇق ئەجەب دەل ئۈستىدىن،
ھەم «ئالارمىز چوڭ مۇكاپات ئەمدى» دەپ،
«ئەيىشىمىز بىر يىل باياشات ئەمدى» دەپ،
بايىقى ئەھۋالنى «نەق كۆرگۈچى» دەپ،
ئىككى ئادەمنى گۇۋا بولغۇچى دەپ،
ماڭدى داۋاغا — شەرىئەت ئالدىغا،
بولغۇسى ھەمدەم، كاپالەت ئالدىغا.

※ ※ ※

ساقى مەينىڭ تەپتىدىن ياندۇر مىنى،
ياندۇرۇپ يالقۇنغا ئايلاندۇر مىنى،
مەن بىرىپ يالقۇنجىغان ئەپتىم بىلەن،
كۆيدۇرەي كۆيدۇرگىنى تەپتىم بىلەن،

## تۆتىنچى باب

ئەتىسى تارقالدى گەپ - سۆز مەلىگە،
سالدى غەشلىك نۇرغۇن ئادەم كۆڭلىگە.
ئاخىرى نۇرۋانغىمۇ يەتتى بۇ گەپ:
«ئاپتۇ قۇربانىڭ سولاقتا ئوغرى دەپ».
دەيدۇ بىرسى: «ياتقۇدەك ئۇن يىلغىچە».
دەيدۇ بىرسى: «ياتقۇدەك تا ئۆلگىچە».
دەيدۇ بىرسى: «قولىلىرىنى كەسكۈدەك».
دەيدۇ بىرسى: «يوقسۇ، دارغا ئاسقۇدەك».
دەيدۇ بىرسى: «ۋاھ، غەلىتى كەپقۇ بۇ،
مەلىمىزنىڭ شەنىگە سەت بوپتۇغۇ».
بەزىلەر قايىنايدۇ: «بۇ ئەپقاچتى گەپ،
بىرسى تاپقاندۇ ئۇرۇپ يامپاشقا» دەپ.
دەيدۇ بىرسى: «ئۇ ياشاپ دەشت - چۆلدىلا،
بەلكى ئوغرى بولسىمۇ بولغاندۇلا».
بۇ خەۋەر، كەپلەرگە ھەيران قالدى قىز،
كۆڭلىنى دەھشەت بېسىپ قىينالدى قىز.
كۆرۈنۈپ دۇنيا بۆلەكچە كۆزىگە،
ياش تۆكۈپ، قويدى سوئال ئۆز - ئۆزىگە:
«كىم ئىشەنسۇن توغرىنى ئەگرى دېسە،
چۇمپۇتەر قۇربانىنى كىم ئوغرى دېسە،
كىم ئىشەنگەيكى ئۇلايىنى سا دېسە؟
بارمىدۇ دۇنيادا مۇنداق ھادىسە؟

بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى چوقۇم،
ياكى تۆھمەتخورغا دۇچ كەلدى چوقۇم،
ياكى تەقدىر مەن بىلەن قىرىشتىمۇ،
بەلكى بەختىم يۈز ئۆرۈپ چەتلەشتىمۇ؟
خۇددى غايىپتىن ئۇچۇپ بىر ئوق كېلىپ،
قالدىغۇ باغرىمغا چوڭقۇر سانچىلىپ.
سۈغۇرۇپ ئالماققا ئىمكان بارمىدۇ،
يەڭگىلى دەردىمنى دەرمان بارمىدۇ؟...»
ئويلىغانچە ئويلىرىدىن ئوي تۇغۇپ،
كېلىنى ئالدى قارا تەشۋىش بوغۇپ.
ئايسخاننىڭ كۆڭلىمۇ بولدى خىرە،
قىزىغا بەردى تەسەللى خاتىرە.
«يىغلىما مۇنچە ئىسەدەپ ئاھ ئۇرۇپ،
قويما تەشۋىشكە ئۆزەڭنى ئالدۇرۇپ.
بار ئەمەسمۇ ھەممىنىڭ دوست - دۈشمىنى،
بەلكى ياپقاندۇ يالا بىر ئۆچمىنى،
ياكى بىر ئەسكى ئۇنى بۇزغانمىدۇ،
ياكى شەيتان يولدىن ئازدۇرغانمىدۇ؟
ئاكىم بىلمەپتۇ، كىمدە بولمايدۇ ئېۋەن،
خام سۈت ئەمگەن نەرسىغۇ ئادەم دېگەن.
ھەممىنىڭ كۆڭلى گويا ئالقان ئەمەس،
سىرتىدىن بىلمەك ئۇنى ئاسان ئەمەس.
ھەممە ئادەمنى ئۆزەڭدەك چاغلىما،
ئاخىرى بىر گەپ بولار، كۆپ يىغلىما.
بەلكى قوربان ئانچە - مۇنچە ئوغرىمۇ،

بولسىمۇ تۈز تۇرقى، كۆڭلى ئەگرىمۇ...»
بۇ تەسەللانىڭ بېشى ئوبدان ئىدى،
قىز دىلى بىر ئاز ئارام تاپقان ئىدى.
ئانىسى قىلغاندا قۇرباندىن گۇمان،
توسۇۋالدى ئاغزىنى قىز شۇ ھامان.
«ياق، ئانا، بۇ سۆزنى سىز ھەرگىز دېمەڭ،
زەخمىلىك كۆڭلۈمنى زەرداپ ئەيلىمەڭ.
ھېچ ئىشەنمەيمەن بۇ شۇم ئىغۋاغا مەن،
ئۇنى ئاقلايمەن بېرىپ دەۋاغا مەن...»

※ ※ ※

ئاۋۇدى ھەر ياڭزا گەپ بارغانسېرى،
تىغ بولۇپ سانچىلدى قىزغا ھەر بىرى.
ئاخىرى ئۇشبۇ ئامالنى تاللىدى،
دادگاھقا بارغىلى بەل باغلىدى.
كۆڭلى تارتقانلارغا سالدى مەسلىھەت،
خېلى ئادەم قوشۇلۇپ بەردى مەدەت:
«راست دېگەندەك، بولدى قۇربانغا ۋابال،
قۇتقۇزۇشقا تاپىلى دەرھال ئامال.»
ئەتىسى بىر نەچچە ئادەم جەم بولۇپ،
ماڭدى قىزغا قايغۇ داش - ھەمدەم بولۇپ.
تاڭ بىلەن تەڭلا شەھەرگە ئاتلىنىپ،
كىردى قازى ئالدىغا رۇخسەت ئېلىپ.
يالۋۇرۇپ - زارلاپ، سەۋەب - بانا تېپىپ،

قىزمۇ كىردى يۈزىگە چۈمبەل يېپىپ.
مۇددىئانى قازىغا قىلدى بايان:
«بىزگە قۇربان خۇددى بەش قولدەك ئايان.
چىقمىقى تەس يۇرتتا قۇرباندەك يىگىت،
كۆڭلى كىرسىز، سۆزلۈك ئاسماندەك يىگىت.
نەپسى دەپ پەيلىنى قىلچە بۇزمىغان،
بىر سۇنۇق ياماققىمۇ قول سوزمىغان.
بىر كېلىشمەسلىككە دۇچار بوپتۇ ئۇ،
رەستىدە ئوغرى ئاتاققا قاپتۇ ئۇ.
بىز كېپىلكى، ئۇ يىگىت ئوغرى ئەمەس،
ئوغرى دەپ تۇتماق ئۇنى توغرى ئەمەس.
شۇڭا بىز شەرئى رىياسەت ئالدىغا،
دات ئېيتىپ كەلدۇق ئادالەت ئالدىغا.
ياتمىسۇن زىنداندا قۇربان بىگۇناھ،
بولسىلا، تەقسىر، گۇناسىزغا پاناھ!...»
قازى ئاڭلاپ، بېشىنى بىر قاشلىدى،
ئارقىدىن سالماقلىنىپ سۆز باشلىدى:
«مەن ئادالەتنىڭ تايانچى — قازى مەن،
ھەق ئۈچۈن بېشىم كېسىلسە رازى مەن.
يوق ساۋاب ئادەمگە تائەت بولمىسا،
ئاقىغاي دەۋامۇ ئىسپات بولمىسا.
مەن خەۋەر تاپتىم بۇ ئىشتىن شۇل كۈنى،
ئوغرىنى ئاشكارە قىلدى خورجۇنى.
توي ئۈچۈن چۈشكەچكە پۇلغا ئېھتىياج،
ئوغرىلىقتىن تاپمىغاچ ئۆزگە ئىلاج.

قىلمىغاچقا نەپسى شەيتاندىن ھەزەر،
قالمىغان، شۇڭلاشقا ئىنساپتىن ئەسەر.
چۈشتى ئۇ قولغا دەلىل - ئىسپات بىلەن،
قۇتقۇزۇپ بولماس ئۇنى پەريات بىلەن.
كەلدى دەۋاگەرمۇ ئالدىمغا مېنىڭ،
بولدى ھەم شاھىتلىرى ھازىر ئۇنىڭ.
نەچچە مىرشاپمۇ كۆرۈپتۇ كۆز بىلەن،
ئاقلىنىش مۇمكىنمۇ يالغان سۆز بىلەن.
سورىدىم دەۋانى مەن ئوبدان تۇتۇپ،
ھەممىسى قىلدى قەسەم قۇرئان تۇتۇپ.
نەق دەلىلنىڭ ھەم قەسەمنىڭ ئالدىدا،
ئۆزىنى قۇربان ئالالماس دالدىغا.
مەيلى ئۇ ئىقرارغا كەلسۇن، كەلمىسۇن،
«ئوغرى» دەپ قىلغاي ھۆكۈم قانۇن يوسۇن.
بار شەرائىتتە سىزىق — ھەق بەلگىسى،
كىم سىزىقتىن چىقسا كاپىر بولغۇسى.
مەن چىقارسام توغرىنى نا توغرىغا،
بەرمىسەم دەرھال جازا نەق ئوغرىغا.
بىر ئۆمۈر تاپقان ساۋابىم نە بولۇر،
تاڭلا مەھشەردە جاۋابىم نە بولۇر؟
كىم بۇ دۇنيادا گۇنا قىلغان ئىكەن،
ھەم جازا تارتماي كېتىپ قالغان ئىكەن.
بولغىنىدا ھەممىگە يەۋمىلھىساب،
شۇبھىسىز تارتقۇسى ئۇ قوشلاپ ئازاب.
شۇنى ئاڭلاڭلار بىلەر سامى بولۇپ:

قاتىرىسا كىم ئۇغرىغا ھامىي بولۇپ،
ئۇغرىغا ھەمدەم بولۇپ قالغۇسىدۇر،
ھەم جازاسىغا شېرىك بولغۇسىدۇر.
كىم كالامۇللاغا شەك كەلتۈرمىسە،
ئۆزىنى ئىمانى بار مۆمىن دېسە.
بۇ سۆزۈمنى رەت قىلىشقا ھەققى يوق.
شەرئى ھۆكمىنى بۇزۇشقا ھەددى يوق.
ھەق دېگەن دائىملا تاتلىق بولمىغاي.
كىمكى سەسكەنسە نىجاتلىق تاپمىغاي.
گەر شەرىئەت ھۆكمىدىن كەلسە زەھەر.
ئىچكۈلۈك، مۆمىنگە ئۇ بەلكى شەكەر.
ياخشىلىقچە ئەمدى قايتىڭلار سىلەر،
ھەممىگە ھەق گەپنى ئېيتىڭلار سىلەر!..»
ھۆكمى چوڭ بولغاچقا پەتۋا، سەللىنىڭ،
چىپپىدا ئالدى توسالدى ھەممىنىڭ.
دېدى بىرسى: «بىزغۇ سەھرا ئادىمى،
ئاز ئىكەن بىزگە شەرىئەت تەلىمى.
مىڭ كۆتەرسەك ياخشى دەپ قۇربانىنى بىز،
بولمىغاي ھەرگىز ھەقىقەتتىن ئېگىز.
ئۆتنى كىم تۇتسا كۆيەر شۇنىڭ قولى،
كىم نېمە تەرسە بولۇر شۇ مەھسۇلى.
بىز چىقالمايمىز شەرىئەت ئەمرىدىن،
نە ئامال كەلسە قازا ھەق - تەگرىدىن...»
نە قەدەر چوڭ بۇ شەرىئەتنىڭ يۈزى.
نە قەدەر كۈچلۈك «قازا - تەقدىر» سۆزى.

چىقمىدى ھېچكىمدىن ئەمدى غەيرى گەپ،
سولۇشۇپ قايتىشتى بەرى «خەيرى» دەپ.
ئەزدى نۇرۋان قەلبىمنى ھەسرەت ئەلەم،
باستى گويا يۈزىگە دەسسەپ قەدەم.
يەرگە كىرمەك بولسا، يەر قاتتىق بىراق،
ياكى ئاسمانغا چىقاي دېسە يىراق.
قالدى بىر قامقاق كەبى بوران ئارا،
يا قېيىقسىز بەندىدەك توپان ئارا.
مېھرىدىن قۇرغان بىناچۇشتى غۇلاپ،
دىل ئارامىنى بىراۋ كەتتى بۇلاپ.
ئالدىغا قازدى ياۋۇزلار بىر ئورەك،
ھېچ ئامال يوق ئارتقا يانماقتىن بۆلەك.
ئويلىدى تۈرلۈك خىيالنى ئۆرتىنىپ،
بىر تۇرۇپ تويدى ئۆزىدىن يىرگىنىپ.
بولسىدى ئۆلۈپ تىرىلسە باشقىدىن،
ئۆزخىلىنى تاللىۋالسا باشقىدىن.
ياق، نەھاجەت باشقىنى تاللاش يەنە،
يەتمىگەندەك ئۆزىنى كوللاش يەنە.
شۇ ماقالنى كۆڭلىدە تەكرارلىدى:
«كەلمىگەن تەلەيدە ھەققىڭ بارمىدى».
ئويلىغانچە كەتتى نۇرۋان تۇنجۇقۇپ،
ماڭدى يىغلاپ تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇپ.

※ ※ ※

ساقى، قۇيغىن مەس بولۇپ بىر سەتلىشەي،
ساختا شەرئى ھەق بىلەن بىرگەپلىشەي.

پاش قىلىپ نەس قازىنىڭ بەتكارىنى،
ئىرغىتاي يەرگە ئۇنىڭ دەستارىنى.

## بەشىنچى باب

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپ، كۈزمۇ كېتىپ،
كەلدى سۆرۈن قەھرىتان قىشمۇ يېتىپ.
شۇ گۈنچە تىنىك - تىڭلىتىپ ئۇنى بۇنى،
تىڭشىدى بايۋەچچە ئەھۋال ھەركۈنى.
ئۆزىمۇ بىر نەچچە رەت قاتراپ يۈرۈپ،
كۆردى نۇرۋانىنى يەنە پايلاپ يۈرۈپ.
ئۇقتى كەپلەرنىڭ ئۇرانىدىن شۇنى،
ئوزى سەزگەنىنىڭ نىشانىدىن شۇنى:
پادىچى ئوغرى ئاتالغاندىن كېيىن،
قازىدىن پەتۋانى ئۇقۇغاندىن كېيىن،
بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن ھەم ئانىدىن،
ياغدۇرۇلغان ھەر ئاھانەت - تەنىدىن،
ئەنسىرەپ نۇرۋان بولۇشتىن بىنەزەر،
ئاخىرى قۇربانىدىن ئەيلەپتۇ ھەزەر.
بولدى بايۋەچچە بۇ ئەھۋالدىن خۇشال،
شۇندىمۇ دۇچ كەلمىسۇن دەپ بىر كاشال.
ئالدىراپ تەلەي شېخىنى ئەككىلى،
تاپتۇرۇپ گەپدان خوتۇندىن ئىككىنى.
ئالدىغا سالدى ھەشەملىك داستىخان،

زەر تۆكۈپ ئەيلەپ ئۆلارنى شادىمان.
ئەتىسى بىر مەپىنى تەييار قىلىپ.
يولغا سالدى بېشىدىن ئىسرىق سېلىپ.
ئىككى گەپتان يول بويى گەپ ئاختۇرۇپ،
ئۆز ئارا كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇپ.
ئېشەمىز كەلگەي چوقۇم دەپ ئۇگەدىن؛
ئاشتى **يول**نىڭ نەچچە ئويمان - دۆگەدىن.
مەپە مەنزىلگە يېتىپ بىر ۋاقىتدا،
توختىغانتى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا.
چىقتى ئۆيدىن ئايىسخان ھەيران بولۇپ،
كىمگە كەلگەندۇ دېدى مېھمان بولۇپ.
ئىككى ئەلچى ئاگىنچە قول قوشتۇرۇپ،
چوڭ سۆپەتلىك رەسمىنى قاملاشتۇرۇپ.
ماگدى ئۇدۇل ھويلىغا، ئۆيگە قاراپ،
ئالدىغا چىققان خوتۇندىن ھال سوراپ.
«ئايىسخانغۇ ئۆزلىرى» دەپ جىلمىيىپ،
«ھە!» دېگەچكە تېخىمۇ كەتتى كېيىپ.
ئايىسخانمۇ «قېنى ئۆيگە، خۇش!» دېدى،
تەمتىرەپ مېھمانلى ئۆيگە باشلىدى.
ئىككى ئەلچى تۆردە ئولتۇردى كىرىپ،
«ئۇھ» دېيىشتى خۇددى كەتكەندەك ھېرىپ.
كۆرسىتىپ ئىللىق قىياپەت تۇرقىدىن،
گەپ تېشىپ، مەقسەتكە چۈشتى ئارقىدىن:
«... كونىلار دەپتۇ — ئۆلۈم يوق ئەلچىگە،
يوق سوراق خاماندىمۇ كەپسەنچىگە.

مېۋە پىشسا باغدا ـ شاختا مەي بولۇپ،
لېۋىنى تامشىيدۇ ھەممە زوقلۇنۇپ.
ئۆزلىرى ئاسراپتىلا بىر مېۋىنى،
ئەجرىنى بەك قىپتىلا، يەپ غېمىنى.
ئاشۇ مېۋە مەي بولۇپ پىشقان ئىكەن،
تەرىپى تىللاردا مىڭ داستان ئىكەن.
بىر يىگىت بار بەكرى بايۋەچچە دېگەن،
ئۆزلىرى كۆرگەن ۋە ياكى كۆرمىگەن.
نامى داڭلىق ھەم دىيانەت ئەھلى ئۇ،
ھاجىبابىنىڭ بىرلا يالغۇز ئوغلى ئۇ.
باغلىرىغا شۇ يىگىت كىرسەم دېدى،
ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولسام دېدى.
ئون كۈن ئاۋۋال كەپتۇ بايۋەچچە بۇيان،
يولدا ئۇرۋانەمنى بىر كۆرگەن ھامان.
ئاشىقى شەيدا بولۇپ يانغان پېتى،
ئاھ ئۇرۇپ تولغاندى، سارغايدى بېتى.
قانچە باي، بەگلەر خېرىدار بولسىمۇ،
قىزلىرى ھەر قانچە خۇشتار بولسىمۇ،
تارتمىدى كۆڭلى ئۇنىڭ ھېچقايسىنى،
گۈل ئالدىدا نېمە قىلسۇن مايسىنى؟
ياد ئېتىپ ھەردەمدە ئۇرۋانەمنى ئۇ،
ھاجىبابىغا قويدى بىر ھەمدەمنى ئۇ.
ئوغلى ئىنتىلسە قايان، بايمۇ شۇ يان،
شۇ سەۋەبتىن بىزمۇ كەلدۇق بۇ سايان.
جۈپ ئۆتۈش ئادەم ـــ ھاۋادىن قاپتىكەن،

ھەممىنى تەڭرى بۇ كويغا ساپتىكەن.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ تاپسا ۋىسال،
بولغۇسى تەڭرى رىزا، بارچە خۇشال.
شۇڭا ماڭدۇق بۇ ساۋابلىق ئىشقا بىز،
بولسا دەپ بىر يەردە بىللە قوش مېغىز.
بۇ ۋىسالنى بۇيرىغان بولسا خۇدا،
ھاجىبايغا بولسىلا تۇققان - قۇدا.
چوڭ شەھەردە بولسىلا تۆتىنىڭ بىرى،
ئۆزلىرىگە خاس سارايلارنىڭ تۆرى.
ئۆزتىسە نۇرۋاندىمۇ بىر پۇچۇن بولۇپ،
تەنگە سىغماس بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ.
ياغسا بۇ ئىشقا جاھاننىڭ ئالقىشى،
ئەلچىنىڭمۇ كۆككە يەتمەمدۇ بېشى؟...»
شۇندا ئاڭلاپ ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى،
ئايسىخان ئاسماندا كۆردى ئۆزىنى.
دەيمىكىن يالغان دېسە، يالغان ئەمەس،
ئەلچىلەر ئادەمغۇ، جىن - شەيتان ئەمەس.
سىز بىراق ئادەتتىكى ئەلچى دېمەڭ،
سۆز بىلەن ئايلاندۇرار يۈز باشنى تەڭ.
خۇددى باشلاپ شەكەرىستانغا ئۇنى،
سالدى لەززەتتىن ھاياجانغا ئۇنى.
ئەلچىلەردىن ھېچ گۇمانى قالمىدى،
سۆزلىرىدىن بىر ئەۋەن تاپالمىدى.
كەلدى ئويلاپ باقمىغان ئىش ئالدىغا،
كەلدى راھەت، كەلدى بېھىش ئالدىغا.

ئالدىدا بولدى نامايان ئۇتىيا،
قىزنىغا تەلەي ئۇشى قوندى گويا.
بىر هازا قالدى شۇئا ئۇ گائگىراپ،
ئاخىرى سۆز باشلىدى يەرگە قاراپ:
«ئۆزلىرى چوڭ شەھىردىن كەپتىلا،
بۇ ئۆۋەنگە بەك ئېگىزدىن كەپتىلا.
مەنمۇ بىر كۆڭلى سۇنۇق، يوقسۇل خوتۇن،
چەت - يىراق سەھرادىكى بىر تۇل خوتۇن.
قانچە دېسەممۇ قىزىم سەھرا قىزى،
مەن ئېرىپ - مىسكىن خوتۇننىڭ يالغۇزى.
بىزغۇ بۇنداق ئۇلتىپاتنى كۈتمىگەن،
چۆجىگە سالماس نەزەر بۈركۈت دېگەن.
خەيرىيەت، تەقدىر دېگەن شۇنداقمىكىن،
ئىككى ياشنىڭ يۈرىكى قوشماقمىكىن.
كەپتىلا غېرىپ خانەمگە خانلىرىم،
يايرىدى ئېمگە چۆمۈلگەن جانلىرىم.
ياق دەلەلمەيمەن بۇ ئىشقا زادىلا،
مەنچە بولسا، بوپتۇ دەيتتىم بايىلا.
بار ئەمەسمۇ شۇندىمۇ رەسمى - يوسۇن،
باشقا ھەغدالار خەۋەرسىز قالمىسۇن.
ئۆيدە ئۈزرۋانەممۇ يوق چۈشتىن بۇيان،
تاغىسى ئاغرىق ئىدى، كەتكەن شۇيان.
كېگىشەيلى كەچتە ياكى ئەتىگەن،
مەسلىھەتسىز ئىش بۇزۇلماس، دەپتىكەن...»
ئەلچىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ «خوپ» دېدى.

ئىش قىلىپ، دەسلەپكى ئىشىنى ئەپلىدى،
بولدى خۇش گوياكى بىر قورغان ئېلىپ،
چىقتى ئۆيدىن ئارقىسىچە ئېگىلىپ.
دەل شۇ چاغدا كىردى بىر قىز كوچىدىن،
بۇ ئىدى نۇرۋان، خەۋەرسىز ئەلچىدىن.
ئېگىلىپ تازىم قىلىپ قىز چەتنىدى،
ئەلچىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىدى.
كۆڭلى قىيماي مەيگە چۈشتى ئۇلار،
ئۆزئارا شۇ گەپنى ئېيتىشتى ئۇلار:
«راست دېگەندەك، ھۆرمىدۇ، رىزۋانمىدۇ،
ھۆر - پەرىلەر يۇرتىغا سۇلتانمىدۇ؟»
«... كۆرمىگەن بۇنداق گۈزەلنى ئەسلىدىن،
كىم ئىشەنگەي، دىسە دېھقان نەسلىدىن؟»

※ ※ ※

ئەلچىلەر بولدى راۋان ئۆز يولىغا،
ئايىسخانمۇ كىردى دەرھال ھويلىغا.
ئانىسىدىن شۇ ھامان قىز سورىدى:
«كىم بۇ كەلگەنلەر، نىچۈن كەپتۇ» دېدى.
ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاستاغىنا،
قىلدى گەپنىڭ راستىنى قىزغا ئانا:
«... ئەلچى كەپتۇ كۈتمىگەن يەردىن ساڭا،
راستىن ئېيتسام، بەكمۇ خوپ كەلدى ماڭا.»
ئالدىدا قىز بەختى بولغاندەك ئايان،

ئايسىخان قىلدى جەمى گەپنى بايان،
بىر هازاچە ماختىۋەتتى ئەلچىنى،
ئارقىدىن تەرىپلىدى بايۋەچچىنى.
راسلىغاندەك قىزغا جەننەتتىن ئورۇن،
سۆزلىدى خۇپتەنگىچە شۇ كەچقۇرۇن.
ئاخىرى دېدى: «ساڭا ئۇ بولسا يار،
يوق جاھاندا سەندىن ئارتۇق بەختىيار.
ئاھۇ - زارىڭ تەگرىگە يەتكەن چېغى،
يۇيۇلار كۆڭلۇڭدىكى ھەسرەت دېغى.
بىل غەنىمەت كۇتمىگەن ئامەتنى سەن،
داغدا قالما ئۆتكۇزۇپ سائەتنى سەن...»
ئاڭلىغانچە سۆزنى نۇرۋان ئاھ ئۇرۇپ،
كۆزىدىن مۇنچاق يېشىنى ياغدۇرۇپ،
دېدى ئۆكسۇپ: «مەنمۇ ئەرگە زار ئەمەس،
بولدى، بۇنداق گەپكىمۇ خۇشتار ئەمەس.
مەن ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمىدى،
ھەسرىتىم، دەردىم ئىچىمگە پاتمىدى.
بىر جۇدۇندا دىل شېخىم سۇنغان مېنىڭ،
يۇرىكىممۇ مۇزغا ئايلانغان مېنىڭ.
بۇ سۇنۇق ئەيۋەشكە كەلمەس تاڭسىمۇ،
ئېرىمەس بۇ مۇز تونۇرغا سالسىمۇ.
مەن مۇھەببەت بېغىغا تاشلاپ قەدەم،
ئىنتىلىپ بىر گۇلگە، تارتتىم دەرت - ئەلەم.
گۇل دەپ ئۆزسەم، قالدى، ئۇ ئازغان چىقىپ،
قىيىندى تۇتقان يېرىمدىن قان چىقىپ.

تۆكتى ھەسرەت باشىمە غەم بولۇتى،
قالمىدى مەندە مۇھەببەتنىڭ ئوتى.
ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ شۇ ئان،
دەرتلىرىم قىيان ياساپ تاشتى پىغان.
بارچە ئەزايىم تىكەنلەشتى ئانا،
خۇددى شۇ دەم جىن چاپلاشقاندەك ماڭا.
مەيلى لايىق چىقسىمۇ خاندىن ماڭا،
خان تۇگۇل، ھەتتاكى خاقاندىن ماڭا،
زادى ئويغانمايدۇ ئىشقىم، زادىلا،
زادى باغلانمايدۇ رىشتىم، زادىلا.
ئەمدى جۇپ لازىم ئەمەس، تەنھا ئۆتەي،
شۇ پېتى ھەسرەتتە دۇنيادىن كېتەي...»
ئايسىخان ئاڭلاپ بۇ گەپنى، رەنجىدى،
«مۇزكۆڭۈل» گە دوق تىغىنى سانچىدى:
«بولسىمۇ رەڭگىڭ سېنىڭ، يوقكەن دىتىڭ،
سېنى ئويغاتماپتۇ شۇنچە ئېبرىتىڭ.
شۇنچىمۇ تەرسا بولامدۇ قىز دېگەن،
دىتىمۇ شۇ، ئاچچىق - چۇچۇكنى سەزمىگەن؟
نەدىكى قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ،
نېمە پايدا ئۆزىنى ئوتقا سېلىپ؟
ئامىتىڭ ئالدىڭغا كەلسە، يۈز ئۆرۈپ،
نە تاپارسەن ھەممىنى تەڭ بەزدۈرۈپ؟
مەن سېنىڭدىن بۇ جاۋابنى كۈتمىگەن،
ياشىدىم نېمىشقا مەن يەر يۇتمىگەن.
ئازمىدى ئۆمرۈڭ ئۈچۈن تارتقانلىرىم،

ۋاي ئېسىت دەردىگە قان يۇتقانلىرىم،
نېمە دەپ تاپتىم سېنى، باقتىم سېنى،
ئوتقا ئىتتەرمەكچى ئەمدى كىم سېنى؟
قىلمىدى مېھرىم ئوتى تەسىر ساڭا، -
يوق ئىكەن چارە - ئامال ھېچبىر ماڭا.
يەنىلا دەردىڭ ئۈچۈن يىغلاپ ئۆتەي،
ھەر كۈنى چاي ئورنىغا زەرداپ يۇتەي.
قورۇنۇپ بەلكى ئاناڭنىڭ روھمۇ،
جەق پالاكەتكە - قالارسەن تېخىمۇ.
سەن ئۈچۈن سولدى يۈزۈم، ئۆتمەي سۆزۈم،
شۇ پېتى ئۆلسەم يۇمۇلمايدۇ كۆزۈم...»
ئانىنىڭ دوق تەنىسى جاندىن ئۆتۈپ،
ئاغىنىڭ ۋايساشلىرى ئاندىن ئۆتۈپ،
ئىككى كۈنچە كۆزى كۆرمەي ئۇيقۇنى،
يۇتتى نان ئورنىغا ھەسرەت - قايغۇنى.
قالغىچە مۇنچە ئەلەم، غەۋغاغا دەپ،
كەلمىسەمچۇ كاشكى بۇ دۇنياغا دەپ،
ئانىسىغا بىر تۇرۇپ ئىچ ئاغرىتىپ،
قورقۇنۇچلۇق ئويغىمۇ چوكقۇر پېتىپ،
ئۆزىنى ئۇيان ئۇرۇپ - بۇيان ئۇرۇپ،
پىكرىنى ھەر يان چېچىپ ئايلاندۇرۇپ،
قالدى تەڭلىكتە قېتىپ قىزنىڭ بېشى،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ، توختىدى ئاخىر يېشى...

※ ※ ※

قۇيغىنا، ساقى سېسىق مەيدىن ماڭا،
سۆزلىرىمۇ ئوخشىسۇن جەزمەن ئاڭا.
ھالى چوڭ، دىنسىز خوتۇننى ئۆچۈرىتىپ،
سېستاي تەلدىن سېسىقلىق چاچرىتىپ.

## ئالتىنچى باب

ئەلچىلەر دەسلەپ بېرىپ يانغان كۈنى،
قىلچە قويماي قىلدى ئىزھار ھەممىنى:
«... ئانىسى ئاڭلاپلا گەپنى، خۇش بولۇپ،
ئۈچقىلى تاس قالدى كۆككە قۇش بولۇپ.
بىز ئىشەندۇق ئانىسى راست كۆندى دەپ،
ئەمدى نۇرۋانەمدە قالدى ھەممە گەپ.
قىز دېگەن بىر قوزىچاققۇ ھامىنى،
ئەگىشىپ ماڭماي ئىلاج يوق ئانىنى.
قىزنىمۇ كۆردۇق يانار چاغدا ئېنىق،
خۇددى جىلك ياقۇت ئىكەن، رەڭگى قېنىق.
ئەسلىدە، بايۋەچچە بىر ئالتۇن ئۈزۈك،
بۇ ئۈزۈككە ئاشۇ ياقۇت كۆز تۈزۈك.
بىز پەرەز قىلدۇق شۇنى ئالدىنئالا:
كۆندۇ كۆزمۇ ئۈزۈككە بايىلا.
بىز چەقايلى يەنە ئۈچكۈن ئۆتكۈزۈپ،

ئەپكەلەيلى ۋەدە بەرگەنى ئۇزۇپ...»
بۇ خەۋەر بايۋەچچىنى قىلدى خۇشال،
بولدى قالغاندەك يېقىنلاپلا ۋىسال.
ئەلچىلەرگە مەز بولۇپ، قول قوشتۇرۇپ،
ماختىدى جىق، پۇتلىرىغا خىش قويۇپ.
بۇ قېتىملىق ئەجرىگە خاس ھەق تۆلەپ،
يولغا سالدى ئىندىنى ئاق يول تىلەپ.
ئىنتىزارلىقتا خەۋەرنى كۇتتى ئۇ،
خىلمۇ ـ خىل ئوي كوچىسىدىن ئۆتتى ئۇ...
ھېلىدىن ھېلى چىقىپ، كۇنگە قاراپ،
ھەم بولۇپ خۇش ھەم چېكەتتى ئىزتىراپ.
كۇن پاتاردا ئەلچىلەر قايتتى خۇشال،
سۆز ئەمەس، بەلكى ئېغىزدىن تۆكتى بال:
«... بىز دېگەندەك كەلدى ئىش ئۆز جايىغا،
ئەمدى چۇشتى دەۋرىلىك كۆز جايىغا.
ئايىمخاننى بىز ئېرىتكەندىن كېيىن،
نەگە بارسۇن ئېرىمەي قىز نازىنىن.
كەلمىدى بوش تالىشۋالغان ئەلچىگىمىز،
بىزگە تەييار دۇر، قېنى سۇيۇنچىگىمىز ...»
بۇ خەۋەر گويا يورۇق يۇلتۇز كەبى،
ئەيلىگەندەك كېچىنى كۇندۇز كەبى،
بەكرى يايراپ ئىچ ـ ئىچىدىن كۇلدى ـ دە،
شاتلىنىشتىن چېچىكى چاي بولدى ـ دە،
ئالدۇرۇپ دەرھال جاۋاھىر ـ ئۈنچىدىن،
ئەلچىلەرنى قىلدى خۇش سۇيۇنچىدىن.

«دەم غەنىمەت» دەپ زىياپەت راسلىدى،
ئۆز تويىنى شۇ مىنۇتتىن باشلىدى ...
ئاتىسى ئوغلى ئۇچۇن خۇرسەن بولۇپ،
ئاندىن ئارتۇق ئانىسى زوقمەن بولۇپ.
«بەكرى كۆلسە بىر قېتىم، بىز ئون قېتىم،
مەيلى كەتسە تويغا ھەر قانداق چىقىم».
دېيىشىپ چوڭ تويغا ھازىرلىق قىلىپ،
بەش كۈن ئاۋۋال ھەممىگە داۋراڭ سېلىپ.
قىزغا چوڭ داغدۇغىلىق چاي ئىچكۈزۈپ،
مەرىكىگە لازىملىق ئىشنى پۈتكۈزۈپ.
تۇرغىنىدا بېكىتىپ توي ۋاقتىنى،
ھەپتە ئۆتمەي قۇچقىلى ئۆز بەختىنى.
بەكرىگە يۈزلەندى بىر پېشكەل - خەتەر،
ئاڭلىغاندا بىر سىمدىن مۇنداق خەۋەر:
«كەلگۈدەكمىش بۇ شەھەرگە بىر ۋەزىر،
ئۆزى ئادىل، چارىگە ماھىر ۋەزىر.
ناھەق ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىدەك،
ھەمدە قۇربان ھۆكمىنى تەكشۈرگىدەك ...»
بۇ خەۋەرنىڭ نەشتىرى قېيناپ ئۇنى،
تۇختىماي ئويلاپ ئۇنى - ئويلاپ بۇنى.
بولمىغاي دەپ مەن ئۇچۇن بۇ توي ھازا،
گېلىدىن ھېچ ئۆتمىدى بىر كۈن غىزا.
ئەنسىرەپ، قورقۇپ ئېلەكنى ئويلىدى،
ئۇنى بەرباد ئەيلىمەكنى ئويلىدى:
«بۇ ئېلەك يۈزسىز ئىكەن، كۆڭلى ئالا،

كەلسە جەزمەن كېلىدۇ شۇندىن بالا.
ئاندىن ئېسىلىپ ئۆلگەندىن بۇيان.
دارىماس بولدى پەقەتلا بۇ سايان.
ئاڭلىسام، بىر قىسما سۆزلەپ يۈرگەندەك،
مېنى «شۇم، ئىشرەتپەرەس» دەپ يۈرگەندەك.
ھەم خېلەكنى «تۇۋا» غا ئۈندەپتىمىش،
«ساقتىپەزلىكتىن قول ئۈزگەن» دەپتىمىش.
شۇڭا ئۇ نەسكە ئىشەنچىم يوق مېنىڭ،
ئۇ ھايات، بولمايدۇ كۆڭلۈم توق مېنىڭ.
ۋاقتىدا ئەپچىل خېلەككە يەل بېرىپ،
قولىغا ئۇن نەچچە تىللا پۇل بېرىپ.
نەس ئېلەكنى قىلمىسام كۆزدىن نېرى،
كېتىمەن گۆرۈمگە تويدىن ئىلگىرى...»
شۇ كۈنى كەچتە خېلەكنى خالىدا
تاپتى - دە، تىللاپ ئېلەكنى، ئالدىدا —
دېدى: «ئۇ بىر چوڭ پالاكەت بىز ئۈچۈن،
بەربىر بولغۇسى ئاپەت بىز ئۈچۈن.
ئەمدى نېرى قىلمىساق كۆزدىن ئۇنى،
زادى تۇنجۇقتۇرمساق تېزدىن ئۇنى،
چۈشىمىز ئاز كۈندىلا قاپقانغا بىز،
ئۆزىمىزنى كۆرىمىز زىنداندا بىز...»
راستىن ئېيتقاندا خېلەكمۇ خېلىدىن،
ئەنسىرەپ يۈرگەن ئېلەكنىڭ پەيلىدىن.
شۇڭا ئۇ بايۋەچچىدىن بەك قايىندى:
«تۇۋا قىلدىم» دەپ ئېلەك راست ئايىندى.

يۈز ئۆرۈپ كەتتى كاساپەت بەختىدىن،
ماڭمۇ كۆرۈندى ئاپەت ئەپتىدىن.
بەربىر قاپتا بىگىز تۇرمايدىكەن،
سىز دېگەندەك قىلمىساق بولمايدىكەن.
بولدى، ھازىردىنلا چىلىك پايلاي ئۇنى،
يا بۈگۈن، يا ئەتىلا جايلاي ئۇنى.»
دېدى - دە، ئىچتى قەسەم، كەتتى چىقىپ،
قويىنغا ئۇن نەچچە تىللانى تىقىپ.

※ ※ ※

ئىككى كۈنمۇ ئۆتتى ئۈنسىز ئارىدىن،
يوق خەۋەر ھەتتا خېلەكنىڭ بارىدىن.
ئۆگۈنى گەپ چىقتى كۈتكەندىن بۆلەك:
نەدىدۇ مۈشت يەپ ئۆلۈپ قاپتۇ خېلەك.
بۇ خەۋەر شۇم ئاقىۋەتتىن بەلگۈدەك،
بولدى بايۋەچچە بۆلەكلا پايپىتەك.
قىلدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ مۇنداق پەرەز:
«دەل ئېلەك — خېلەكنى ئۆلتۈرگەن مەرەز.
گەر خېلەك ھەر قانچە ئەپچىل بولسىمۇ،
ساختا - رەڭۋازلىقتا كامىل بولسىمۇ،
نەس ئېلەكنىڭ دىۋىدەك كۈچ- بەستى بار،
ھەم خېلەككە كۆڭلىدە غۇم - قەستى بار.
بۇ مەرەز بىخۇت ئەمەسكەن ئانچىلا،
يوق خېلەك، ئۇ ئايلىنىپ بىر تەپسىلا.

ئۇ خېلەكنى ئۆلتۈرۈپ تاپماس ئارام،
بەلكى مەندىنمۇ ئالار ئۆچ - ئىنتىقام.
بۇ كاشالىنىڭ چىققىنى شۇنداق كۈنى،
بولدى ياردا قىستىغاندەك قارغۇنى.
نەيچى قۇرباندىن غېمىم يوق ئانچىلا،
ئۇ، قاماقتا ئۆلدى ئاچتىن بايىلا.
ھەممە گەپ ئەمدى ئېلەكتە قالدىغۇ،
نەدىدۇ، بېشىم ئەجەپمۇ قايدىغۇ.
بەلكى ئۇ شۇمپەن بولۇپ قالغاچقىمۇ،
مۆكتىمۇ ياكى يەراققا قاچتىمۇ.
بولسىدى دەرھال بۇ نەسنى تاپقىلى،
بولسىدى ئاغزىنى مەھكەم ياپقىلى ....»
ئۆلغىيىپ بايۋەچچىنىڭ غەم - تەشۋىشى،
ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، قاتتى بېشى.
ئويلا - ئويلا بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ،
بولدى تاپقاندەك ئامال، كۆڭلى يورۇپ:
«ھودۇقۇش ئەقلىمنى گال قىلغان ئىكەن،
يوق ئەمەسكەنغۇ ئامال - ئىمكان دېگەن.
دەل بۇ ئىشتا قازىنىڭ بارغۇ قولى،
چىقمىغاندۇ يادىدىن ئالغان پۇلى.
ھېلىمۇ قوشلاپ ئاڭا تىللا بېرەي،
شەرئى ھەقنى يەنە قولغا كەلتۈرەي»
دېدى - دە، ئاتنى مىنىپ دەرۋازىدىن —
چىقتى دەرتكە دەرمان ئىزلەپ قازىدىن ...
قايتتى بىر چاغدا بولۇپ خۇش شۇ قەدەر،

خۇددى باتۇر جەڭدە تاپقاندەك زەپەر،
تويىنى كۈتتى ئويلىماستىن ۋەھىمنى،
ئالدىراتتى تەل قىلىشقا ھەممىنى.
راسلىنىپ تويىنىڭ ئۇرۇش - ئاقاتلىرى،
تارتىلدى مەركىنىڭ باغاقلىرى.

※ ※ ※

قۇيغىنا ساقى، بۆلەكچە مەس بولاي،
پەيزىدىن ئادىل ۋەزلىرگە ئايلىناي.
ئاستىن - ئۈستىن بولغان ئىشنى ئاغدۇراي،
ساختا تويىنى ھازىغا ئايلاندۇراي.

## يەتتىنچى باب

ئەمدى دوستۇم، گەپنى زىنداندىن ئىشت،
بەندى زىندان - نەيچى قۇرباندىن ئىشت.
بىزگە مەلۇم ئاشۇ نەس باسقان كۈنى،
ئاقتۇرۇلغان چاغدا ئاسقان خورجۇنى.
«ئوغرى» دەپ قۇربان تۇتۇلغاندىن بېرى،
قارا زىندانغا سولانغاندىن بېرى.
كەلدى قىشمۇ ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپ،
ياتتى ئۇ زۇلمەتتە ئازادلىق كۈتۈپ.
زەي بولۇڭدا، نەم پاخالنىڭ ئۈستىدە،
ھەر كۈنى دۇمبا تاياقنىڭ دەستىدە.

بەدىنى بولدى تىلىم، سۆڭىكى بىلى،
تارتىشىپ ئاغرىقتى تىنىماي پۇت - قولى.
رەڭگى - روھى زەپەرەڭدەك سارغىيىپ،
چاچلىرى گەدەنگە چۈشتى پاخپىيىپ.
گۈندۈپاي ئۇرغاندىن ئۆزگە ھەر كۈنى،
سالدى ئازاپ ئاچ قويۇپ قىيناپ ئۇنى.
شۇندىمۇ نۇرۋان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا،
چاقنىغاندەك خۇددى يۇلتۇز ئالدىدا.
بولدى ئەڭ چوڭ ئىلتىجا قۇربان ئۈچۈن:
ئۆلمىسەم، بولسام ئازاد نۇرۋان ئۈچۈن.
تۇرسا جىسمى قانچە كۈلپەت ئىلكىدە،
ئەمما كۆڭلى چىن - مۇھەببەت ئىلكىدە.
رەت قىلىپ توھمەتچىنىڭ بەتنامىنى،
يازدى شاھقا كۆپ شىكايەت نامىنى.
كەلمىدى لېكىن شىكايەتتىن ئۈچۈر،
كەلمىدى شەپقەت - راپاۋەتتىن ئۈچۈر.
يارىنى تاپسۇن خەۋەر دەپ ھالىدىن،
قايغۇرۇپ ھەم سۆيگۈ ئىستىقبالىدىن.
يازدى نۇرۋانغا ئاتاپ بىر خەتنى ئۇ،
ئەيلىدى ئىزھار ئەلەم - ھەسرەتنى ئۇ.
بولمىدى مەلۇم بۇ خەتنىڭ يەتكىنى،
ياكى باشقا - غەيرى قولغا تەككىنى.
ئاڭلىماستىن يارىنىڭ گەپ - سۆزىنى،
سەزدى ئۇ دۇنيادا يوقتەك ئۆزىنى.
كۆز يۇمۇپ چۈش كۆرسىلا ئۇ ھەر قاچان،

بولدۇ كۆز ئالدىدا نۇرۋان ئايان.
بەزىدە نۇرۋان گۈلەڭگۈچ ئۇچقىدەك،
بەزىدە ئات كەينىگە مىنگەشكىدەك.
بەزىدە تاغ ئۈستىگە ياماشقىدەك،
بەزىدە ئاققۇغا ئوخشاش ئۇچقىدەك.
بەزىدە دەسسەپ تىكەن يالاڭ ئاياق،
بەزىدە ئىزلەپ يۈرەرمىش تۆت قۇلاق.
بەزىدە قۇربانىنى چىمداپ قاچقىدەك،
بەزىدە ماراپ كېلىپ سۇ چاچقىدەك.
بەزىدە چوغلۇق قىسىپ ئولتۇرغىدەك،
بەزىدە ئاق ياغلىق ئارتىپ تۇرغىدەك.
بەزىدە «ۋاي ئوغرى» دەپ دات سالغۇدەك،
بەزىدە قارا قۇيۇندا قالغۇدەك،
بەزىدە قۇربانغا سەت ھۆرپەيگىدەك،
بەزىدە كۆرسە ئۇنى شۇمشەيگىدەك ...
ئۆزىچە تەبىر بېرىپ قۇربان ئاكا،
بارمىدۇ دەپ ئۆزگىچە قىسمەت ماڭا.
ياتقىنىدا بىگۇنا تۇتقۇن بولۇپ،
ئۆرتىنىپ ھەسرەتتە، باغرى خۇن بولۇپ.
يەنە بىر مەھبۇس قوشۇلدى بىر كۈنى،
گۇندىپاي كىرگۈزدى «ئۆلگىن» دەپ ئۇنى.
قارىغاندا بۇ «يامان» نىڭ سۆزىگە،
قىلمىشى مەلۇم ئەمەسكەن ئۆزىگە.
ياتتى ئۇ قۇربان بىلەن بىر ياندىشىپ،
بىلدى ئىسمى، يۇرتىنى ئەھۋاللىشىپ.

دېدى ئۇ: «شۇ ياقتا بىر قىز بار ئىكەن،
ھەممە ئادەم ھۆسنىگە خۇشتار ئىكەن،
بىر يىگىتكە قىزمۇ بەك ئاشىق ئىكەن،
ئىككىسى ئۇزرا بىلەن ۋامۇق ئىكەن.
ئەمما لېكىن توي قىلىشنىڭ ئالدىدا،
ئاشىقى تويلۇق ئېلىشنىڭ ئالدىدا،
بىرسىنىڭ تەللاسىنى سوققان ئىكەن،
(خورجۇنىدىن باشقىلار تاپقان ئىكەن).
ئوغرىنى شەرمەندە ئەيلەپ تازىمۇ،
تەكشۈرۈپ زىندانغا ساپتۇ قازىمۇ.
قىز يىگىتنى ئاقلىماقچى بولسىمۇ،
قازىنىڭ ئالدىدا پەريات قىلسىمۇ،
ئەمما كۆرگەنلەر كۇۋالىقتىن ئۆتۈپ،
ھەم قەسەم ئىچكەن ئۈچۈن قۇرئان تۇتۇپ.
قىز، يىگىتتىن ۋاز كېچىپتۇ يىرگىنىپ،
قاپتۇ ئەمدى باشقا يەرگە باغلىنىپ.
قىزنى بىر بايۋەچچە ئالماقچى ئىكەن،
يات - يېقىندا تويى بولماقچى ئىكەن....»
قۇربان ئاڭلاپ يېڭى مەھبۇستىن بۇنى،
شۈركىنىپ بويى، تىكەنلەشتى تېنى،
سورىدى: «راستمۇ سېنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭ،
ئاشۇ بولغان ئىشنى كۆرگەنمۇ كۆزۈڭ؟»
دېدى: «مەن ئۇقمايدىكەنمەن باشقىنى،
ئەمما راست، تويغا قازانلار ئاسقىنى»
چۈمپۈتۈپ قۇربان ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە،

كۆرۈنۈپ ئالەم دوزاقتەك كۆزىگە.
ئۇنىڭغا ئايلاندى شېرىن ئارزۇسى،
غاجىدى كۆڭلىنى ھەسرەت - قايغۇسى:
«... ئازدۇرالمايتتى ھەشەم - دۆلەت ئۇنى،
بەلكى ئازدۇردى رەزىل تۆھمەت ئۇنى.
بىلىسىدى جەزمەن بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى،
ھېچقاچان بۇزمايتتى سۆيگۈ ئەھدىنى.
يالىدىن مەن باغلىنىپ، ئۇ ئالدىنىپ،
ئارىدىن قولنى ئۈزۈشلار نەپ ئېلىپ.
پاك مۇھەببەت بولسا گۇمران مەيلىمۇ،
ساختىلىقتىن كۆيسە ۋىجدان مەيلىمۇ؟
بۇ جاھاننىڭ شۇنچە رەزىل - نەسلىكى،
بۇ زاماننىڭ مۇنچە رەسۋا - پەسلىكى.
ماڭا نامەلۇم ئىكەن، بىلمەپتىمەن،
ھېچقاچان ئاق، قارا بولماس دەپتىمەن.
ئەي خۇدا، مەن ناتىۋانغا بەر مادار،
ئەمدى مەندە قالمىدى سەبرۇ - قارار.
گۈندىپايغا يالۋۇرۇپ، يامۇشت ئېتىپ،
بەندىدىن ئاجراپ، باراي تېزراق يېتىپ ...»
دېدى - دە، تەسلىكتە ئاستا قوزغىلىپ،
ھەر قەدەمدە بېشى نەچچە ئايلىنىپ.
سېزىلىپ ئاخىر بوسۇققا يەتكىنى،
بولدى مەلۇم ھەم ئىشكىنى چەككىنى.
ئانچە ئۆتمەي گۈندىپاي پەيدا بولۇپ،
قامچىدىن قۇربان يېقىلدى تولغۇنۇپ.

سەزمىدى ھېچ ئارىدىن كۆپ ئۆتتىمۇ،
كۆن پېتىپ، زاۋال يېتىپ تۈن ئۆتتىمۇ.
ھوشىغا كەلدى ناھايەت ئاخىرى،
ئەمما يوق قوزغالغىدەك كۈچ – ماغدىرى.
ئەمدى خوشلاشقان كەبى ئۆز ئۆمرىدىن،
تەنە ياغدۇردى پەلەككە قەھرىدىن:
«ئەي پەلەك، چەرخىڭ بۇزۇق، پەيلىڭ يامان،
نېمە قىلغانتىم ساڭا مەن ناتىۋان؟
ئەمدى مەن بىلدىم، كۆزۈڭ راست كور ئىكەن،
شۇڭا قىلغان ئىشلىرىڭ تەتۈر ئىكەن.
تاش يۈرەكلەرنى ئوراپ ماموۇققا سەن،
مىندۈرۈپ زالىمنى ئات، سۇمرۇققا سەن.
كۆڭلى يۇمشاقلارغا ھەدەپ تاش ئېتىپ،
ناتىۋاننى ھاڭغا ھەيدەيسەن تېپىپ،
كىم ئۆزۈن قوللۇق، شۇنىڭكى توغرا دەپ،
سەرۋىنى سۇمباتى قىڭغىر – ئەگرى دەپ.
ئەتىۋالايسەن زەھەرلىك ئوتنى بەك،
سۇنىمۇ كۆپ بېرىسەن، ئوغۇتنى بەك...
سەن قىلىپ مەي كەمبەغەلنىڭ يېشىنى،
بەك بېزەيسەن باي – غوجاملار ئەيشىنى.
ياشماق تەس كەمبەغەلگە — جان سېتىپ،
بايغا ئاسان پۇل تېپىش — ئىمان سېتىپ.
يارىتىپ توھمەت دېگەن شۇملۇقنى سەن،
يامرىتىپ ھەر يەردە مەشئۇملۇقنى سەن:
ساددا يوقسۇلنى قىلىپ زىندانغا بەنت،

ئەيلمدىلىڭ ئادەمنى نەس ھايۋانغان بەنت.
سەن يارىتقان پىتنە - تۆھمەت قايچىسى،
سەن تۇغۇلدۇرغان شەرىئەت جارچىسى.
كەسسە ئاشىق رىشتىنى ئەيىت مەيلىمۇ؟
شۇندىمۇ ئادىل شاپائەت دەيلىمۇ؟
سەن تۇخۇمدىن ئۇندۇرۇپ تۈك، چارسىپىلىسىپ،
ئەسلى يوق يەردىن پۇتاقنى بار قىلىپ.
ئەل كۆزىگە راستىنى يالغان كۆرسىتىپ،
قان ئىچەر جاللاتنى لوقمان كۆرسىتىپ.
ئالدىدىلىڭ سەن، نۇرغۇن ئەلنى ئالدىدىلىڭ،
ھەممىدىن بەك كەمبەغەلنى ئالدىدىلىڭ.
مەشۇغۇمنى سەن ئىززىتقۇ ئالدىدىلىڭ،
ئىشلىتىپ سېھرەگنى سەن قۇۋ، ئالدىدىلىڭ.
بولغۇسى خار ساڭا ئالدانغان كىشى،
بولسىمۇ ھەر قانچە ئۇ ئوبدان كىشى.
يەتكۈزۈپ نۇرۋانىمۇ شۇم ئاقىۋەت،
قىلسەن جەزمەن بۇرۇختۇم ئاقىۋەت.
ئايلىناي، سەندە ئادالەت شۇمىدى،
مۆمىن ئادەمگە كاپالەت شۇمىدى؟
بىنگۈنانى قاقشىتىپ سەن قان شوراپ،
چۈشمىدىلىڭ نىچۈن يەنە ئاجراپ، غۇلاپ؟
شۇنچە يېرگەندىمكى سەندىن ئەي پەلەك،
ئال ئۆچۈگنى يەنە مەندىن، ئەي پەلەك!
يوقمۇ ھېچكىم نالە - زار ئاڭلايدىغان،
شۇ بۇزۇق چەرخىڭنى بىر تۈگلايدىغان؟

ئاھ، بۇرۇن بىلسەم ئىدىم پەيلىڭنى مەن،
ساڭا ھېچ ئەگمەس ئىدىم بويۇنۇمنى مەن.
ئەمدى مەن دەستىڭدە قان يىغلاپ كېتەي،
بۇ جاھاندىن سېنى مىڭ قاغاپ كېتەي.
ھەسرىتىم قالسۇن تىرىك ھۆججەت بولۇپ،
ساددا ئادەملەرگە بىر ئىبرەت بولۇپ.
سېھرىلىك ئالدىدا كۆزى باغلانمىسۇن،
مەن كەبى ھەرگىز ساڭا ئالدانمىسۇن!
سەن گۇناھكار ھەق — ئادالەت ئالدىدا،
سەن گۇناھكار پاك مۇھەببەت ئالدىدا.
سەن گۇناھكار مەنكى قۇربان ئالدىدا،
سەن گۇناھكار ھەممە نۇرۋان ئالدىدا.
گەر گۇناھكارغا راۋا بولسا جازا،
بولمىسەن راست سەن ئۆلۈمگە مۇپتىلا ...»
ئۆرتىنىپ بارغانچە ئۇ بۇ نالىدىن،
ئاخىرى كەتتى ماداردىن — ھالىدىن.
دېدى — دە، چوڭقۇر تىنىپ بىر «ئەلۋىدا»
چىقمىدى شۇندىن كېيىن ھېچبىر سادا.

※ ※ ※

ساقى، سۇنساڭچۇ قېنى، بىر خىل شاراب،
ئابى ھاياتتىن ياسالغان خىل شاراب.
ئۇ تۆھمەت قۇربانى نۇش ئەيلەپ شۇ ئان،
قايتا جان تاپسۇن، ۋىسال قۇچۇپ شۇ ئان.

## سەككىزىنچى باب

بىر كۈنى ئاۋۋال ناغرا ـ دۇمباق ياڭرىتىپ،
ھەم سۇنەيلەرنى «سەنەم» گە سايرىتىپ،
ئەتىسى بايۋەچچىنىڭ بولدى تويى،
ئاڭنى ئەگىپ قىلدى جەۋلان قورغۇيى.
ئۆتتى چوڭ توي ھاجىبايىنىڭ قەسرىدە،
تويىنى مۇنداق قىلمىغان ئۇ ئۆمرىدە،
يۈز تۇياقچە مال سويۇلدى بىر كۈنى،
تارقىدى مىڭ گەزچە كىمخاپ، دۇردىنى.
كەلدى قازى، مۇپتى، بەگلەر شاتلىنىپ،
ھەم زېمىندار، سودىگەرلەر ئاتلىنىپ.
كەلدى زەرباپ پۈركىنىپ خانىملىرى،
ئارقىدىن سوغات ئېلىپ خادىملىرى.
داستىخانلار نازۇ ـ نېمەتكە تولۇپ،
نەغمىگە تەڭكەش ئۇسۇللار ئوينۇلۇپ.
قىلدى ھەيران ھەممىنى بۇ داغدۇغا،
ياغدى تازىم ھاجىبايىنىڭ ئالدىغا.
قىلىنىپ بولدى نىكاھ چۈشتىن بۇرۇن،
يۆتكىمەكچى بولدى قىزنى كەچقۇرۇن ...
بەكرى بايۋەچچە بۆلەك بىر ھويلىدا،
كۆڭلى ئارامىلىق، خۇشاللىق قوينىدا.
يېنىدا ئۇلپەتلىرى تەبرىكلىشىپ،
مەي ئۇتاتتى بەكرىگە نۆۋەتلىشىپ.

مەي ئىچىپ بۇ ئامەتتىن روھلىنىپ،
دۆلتى ـ سائادىتىدىن زوقلىنىپ.
قىز ۋىسالى بولسا دەپ پاتراق نېسىپ،
ئۇلتۇراتتى ئۆزىنى ئاران بېسىپ ...
ئەمما نۇرۋان ئەنسىزەيتتى يەنىلا،
كېلىدۇ بېشىمغا دەپ قانداق بالا:
«ئوغرى چىقتى مەن سىناپ تاپقان يىگىت،
ناتونۇشتىن كۈتىمەن قانداق ئۈمىت؟
گەر ئورالسامۇ تاۋار ـ ئەتلەسكە مەن،
تەنلىرىم تىترەيدۇ كىيگەندەك كېپەن.
سېزىلەر زەنجىر بولۇپ مارجان ماڭا،
ھەم بىلەيزۈكلەر گويا قاپقان ماڭا.
زەپ چىرايلىق بېزىگەن مېھمانخانا،
كۆرۈنەر گويا بولۇپ زىندان ماڭا.
ئەر كۆرۈنمەكتە ماڭا قاپلان كەبى،
مەن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پاقلان كەبى.
توي ئەمەس بۇ داغدۇغا ماتەم ماڭا،
چىقمىدى ئەسقاتقىدەك ھەمدەم ماڭا.
بولمىسا تاشنى تاياققا تاڭغىلى،
بولمىسا ياكى ئانامدىن تانغىلى.
مەن نىچۈن دۇنياغا تۆرەلگەندىمەن،
نېمە دەرتلەرنى كۆرەرمەن ئەمدى مەن؟...»
بېشىدا ھەر خىل خىيال ئەبجەش بولۇپ،
ئويلىغانچە كۆڭلى شۇنچە غەش بولۇپ.
بوينى باغلانغان كېيىكتەك مۆلدۈرلەپ،

بەزدە يىغلاپ سالاتتى ھۆڭرەپ،
يېنىدا بەزلەپ ئۇنى دوست — ئۆڭگىسى،
كۆلكىگە زورلاتتى ھەمدە يەڭگىسى:
«قويۇڭا، مۇنداقمۇ كۆپ يىغلامدىغان،
ياخشى. ئىشمۇ بەختىدىن زارلايدىغان:
تەگدىنىڭ پېشانىمىزگە يازغىنى —
بار ئىكەن، ئىزلەش ئورۇنسىز ئۆزگىنى،
يات ئەمەس بەختكە نىيەت — ئىقبالىڭىز،
بولمىغاي سىز ئويلىغاندەك ھالىڭىز...»
قىلمىدى نۇرۋان پەسەنت ھېچقايسىغا،
ئىختىيارسىز ئاخىرى بىر دوستىغا:
«نېمىدۇ! كۆڭلۈم مېنىڭ بىر قىسمىلا،
ياخشىلىق يوق...» دەپ تۇراتتى ئەمدىلا:
كەلدى نەدىندۇ بۇ يەرگە بىر بوۋاي،
كىرمە، توختا، دېسىمۇ كەپ ئاڭلىماي،
دېدى ئۇ: «مەن كەلمىدىم توي كۆرگىلى،
بەلكى قىزغا بىر تەسەللى بەرگىلى.
ئاڭلىسام قىز بەختىدىن نا خۇش ئىمىش،
گاھى يىغلاپ، گاھىدا بىھوش ئىمىش.
مەن ئۇنىڭغا دەم سالاي خاس ئولتۇرۇپ،
شاتلىقى ئۆرلەيدۇ جەزمەن سەل تۇرۇپ،
بەكرى بايۋەچچە مېنىڭدىن خۇش بولۇپ،
يايرىسۇن كۆڭلىدە شاتلىق جۇش ئۇرۇپ...»
يۇمشىدى توسقۇچىلار بىردىن، گويا
كەلگىنىدەك ئالدىغا بىر ئەۋلىيا.

«ياخشى گەپقۇ» دېدى ـ دە، ئالقىشلىدى،
«ئەۋلىيا» نى قىز قېشىغا باشلىدى.
كىردى ـ دە، «ئامىن» دېدى ئۇ ئولتۇرۇپ،
باشقىلار كەتتى چىقىپ، خاس قالدۇرۇپ.
قوينىدىن شۇ ئان يوۋاي بىر خەت ئېلىپ،
سۇندى قىزغا ھەم ئۆزى كۆز ياش قىلىپ.
كەتتى تىترەپ قىز شۇ ئان خەتنى كۆرۈپ،
ئوقۇدى كۆڭلىگە بىر ئىش كەلتۈرۈپ:
«... دىلبىرىم يۈرۋانىغا قۇربانىدىن سالام،
باغرى پارە، بەندى زىنداندىن سالام.
سەن سالامەتمۇ ئۆزەڭ ئەي دىلبىرىم،
سېنى يىغلاتقاندۇ قانچە تەقدىرىم.
‹ئوغرى› قىلدى بىر قارا تۆھمەت مېنى،
تازىمۇ باسقان ئىكەن غەپلەت مېنى.
نېمىگە لازىم ئىكەن بۇنداق قىلىش،
ئۆز پۇلىنى غەيرى خورجۇنغا سېلىش؟
ئەسلى مەن تىللا دېگەننى كۆرمىگەن،
ھەم خىيالىمغا ئۇنى كەلتۈرمىگەن.
مەن ئۇنى كۆردۈم پەقەت شۇ چاغدىلا،
خورجۇنۇمدىن نەچچىسى چىققاندىلا.
ھەممىسى بۇ ساختىنى قىلدى دەلىل،
چىقمىدى راست گەپ ئۇچۇن ھېچبىر كېپىل.
مەن ئۆزەمنى ئاق دېسەممۇ ئاڭمىدى،
نالە ـ زارىم ھېچ قۇلاققا ياقمىدى.
ياتىمەن شۇندىن بېرى زىنداندا مەن،

ئايرىلىپ سەندىن، پىراق — ھىجراندا مەن.
قانچىلىك قىينالسىمۇ جانىم مېنىڭ،
تاپىمەن راھەت خىيالىڭدىن سېنىڭ.
مەن ئايانمەن بىر خۇداغا، بىر ساڭا،
مەندە يوقتۇر يوشۇرۇن ھېچ سىر ساڭا،
بايلىقىم ۋىجدان - نۇمۇس، باشقا ئەمەس،
قىلمىغان ئىدىم ھامان زەرگە ھەۋەس.
دەر ئىدىڭ سەن: ئوغرى شەيتاندىن يامان،
كۆرىمەن مەنمۇ ئۇنى ئاندىن يامان.
گەر مېنى «ئوغرى» دېسە پۈتكۈل جاھان،
پاكلىغىمدىن قىلچە قىلمايسەن گۇمان؛
گەرچە شۇنداق بەتگۇمان كەلسە ساڭا،
بۇندىن ئارتۇق دەرتمۇ بولمايدۇ ماڭا.
دەر ئىدىم: دۇنياغا كەلمەكلىك گۇنا،
نە ئۈچۈن بولدۇم بۇ دۇنياغا بىنا؟
مۇنداق ئوينى ئويلىماق بىر دەردىسەر،
ئەمما مەندە بۇنداق ئويدىن يوق ئەسەر.
شۇڭا قىممەتلىك ھاياتلىق مەن ئۈچۈن،
ياشىماق بەختىم ئەمەسمۇ سەن ئۈچۈن.
بىلكى نەقدىرنىڭ كۆزى كور بولمىسا،
بۇ جاھان ئەسلى بالاخور بولمىسا،
ئىككىمىزنىڭ ئىشقى تاپقۇسى ۋىسال،
ئايرىيالماس بىزنى ھەرقانداق كاشال.
قىينىسا جاللات مېنى، ياكى كېسەل،
گەر مېنى زىندان ئارا بوغسا ئەجەل،

كېتمەن نامىڭنى ئاغزىمغا ئېلىپ،
ساقلىغايسەن خەتنى يادنامە قىلىپ.»
خەتنى نۇرۋان ئوقۇدى بەك تەستىمۇ،
ھۆل بولۇپ كەتتى ۋاراقنىڭ ئۈستىمۇ.
قالغىنىدا داغ قېتىپ ئۇ گاڭگىراپ،
قىلدى شۇ سۆزنى بوۋاي ئايەتچىلاپ:
«كەلگىنىمنىڭ ۋەجھى يالغۇز بۇ ئەمەس،
سىزنى يىغلاتماق ماڭا ئارزۇ ئەمەس.
سۆزلىمەي بولماس، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ،
سۆزۈم ئاخىرلاشقىچە غەيرەت قىلىڭ.
بىگۇنا قۇربانغا بولدى بەك ۋابال،
مەنمۇ يەتكۈزگەن ئۇنىڭغا كۆپ مالال.
قىلدى بۇ شۇملۇقنى بەكرى ئەسلىدە،
سىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قەستىدە.
چوڭ توسالغۇ دەپ بىلىپ قۇرباننى ئۇ،
چاپلىدى «ئوغرى» دېگەن بوھتاننى ئۇ.
ئىككى غالچا بۇ ئويۇننى ئوينىدى،
قالغان ئىشنى بەلكى قازى جايلىدى.
مەن ئېلەك — بىر غالچىسى بايۋەچچىنىڭ،
شېرىكى بولدۇم خېلەك توھمەتچىنىڭ.
مەنمۇ بالدۇر خېلى توھمەتخور ئىدىم،
ئاخىرى قاتتىق پۇشايمانمۇ يېدىم.
شۇملۇقۇمنى جان ئانام سېزىپ قېلىپ،
بەكمۇ ھار ئالغاچقا ئۆلدى ئېسىلىپ.
بولدى بۇرنۇمدىن بۇلاق تاپقان پۇلۇم،

مەن يامانلىقتىن شۇچاغ ئۈزدۈم قولۇم.
قاپتۇ مەندىن خەۋپسىرەپ بەكرى شۇڭا،
نەس خېلەكلى قۇش قىلىپ ساپتۇ ماڭا.
مەن خېلەكنىڭ پەيلىنى سەزگەن ھامان،
جايلىۋەتتىم ئېتىلىپ كەلگەن ھامان.
يۈرىمەن قاچقۇن بولۇپ شۇندىن بېرى،
بار يېنىمدا شۇم خېلەكنىڭ خەنجىرى.
ئەسلىسەم قۇربانىنى باغرىم ئۆرتىنىپ،
كېتىمەن بەكمۇ ئۆزەمدىن يىرگىنىپ.
جېنىغا زامىن بولۇپ قالماي دېدىم،
يۈغلى داغىنى، بېلىمنى باغلىدىم.
قۇتقۇزۇشقا قارا زىنداندىن ئۇنى،
ياسىنىپ دەرۋىشچە، قاتراپ ھەركۈنى.
شۇنچە قىلدىم، كەلمىدى ئەپ پۇرسىتى،
چۈشتى تەسلىكتە قولۇمغا بۇ خېتى.
بولدىڭىز سىز شۇنچە لال خەتنى ئوقۇپ،
مەن ئالاقزادە شۇ تاپتا ھودۇقۇپ.
مەيلى، راست گەپ قانچە ئاچچىق بولسىمۇ،
مەيلى، سىزدىن قانچە نەپرەت كەلسىمۇ.
راستىنى ئېيتسام شۇ تۆھمەت دەستىدىن،
بەكرىنىڭ شۇم ھىيلىسىدىن - قەستىدىن:
ئۇ ياتار زىنداندا بەك ئازاپ چېكىپ،
كۈنۈتۈن ئۆز مەشۇقىغا جان تىكىپ.
شۇڭا سىز قىلمالىڭ ئەپۇ ھەركىز مېنى،
مانا تىغ، دەرھال جازالاڭ سىز مېنى...»

ئاڭلىدى نۇرۋان بۇنى سۇرمەي زۇۋاز.
كۆزىنى باستى قاراڭغۇلۇق شۇئان.
تىترىدى گوياكى ياپراقتەك تېنى.
چىققىلى تاس قالدى دەھشەتتىن جېنى.
ئۆتتۇدى بىر پەستىلا دۇنيانى ئۇ.
ئويلىدى دەم تارتقۇچى دەريانى ئۇ.
دەزتكە دەرمان كۆرۈنۈپ تىغ كۆزىگە،
بىر تۇرۇپ سالماقچى بولدى ئۆزىگە.
كۆڭلى ھەرقانداق خىياللارغا ئېغىپ،
بەكمۇ تەستە ئېسىنى ئالدى يىغىپ.
ئېچىلىپ نەلەردىكى بىر سىر - تۇگۈن،
يېشىلىپ باغرىغا پاتقان بىر تۇگۈن.
شۇندا نۇرۋان ئىچىنى تىڭشاپ كۆرۈپ،
ھەر خىيالنى كۆڭلىدە تاسقاپ كۆرۈپ.
ياشنى سۇرتۇپ كۆزىدىن، جاللاندى ئۇ،
خۇددى بىر ئوتقا كىرىپ تاۋلاندى ئۇ.
قايغۇسى بىردىن. غەزەپكە ئايلىنىپ،
بۇ غەزەپتىن خۇددى شىردەك كۈچ ئېلىپ.
ئالدى - دە، تىغنى يوشۇردى نەگىدۇ،
ئارقىدىن دېدى ئېلەككە شۇنى ئۇ:
«سېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ھېچ پايدا يوق،
سەنمۇ شۇ تاپتا خىجالەت، قايغۇلۇق.
سەن قىلىپ راست گەپنى، ئويغاتتىڭ مېنى،
قىلغۇسى جەزمەن ئەپۇ ئاللا سېنى.
مىسلىسىز شۇملۇقنى ئاڭلاپ مەن شۇئان،

تارقىدى ئالدىمدىكى قارا تۇمان.
ئورنىدى كۆڭلۇمگە ئەمدى بىر نىيەت،
يۇكلىدى ۋىجدان ماڭا مەجبۇرىيەت.
بولدى ئەمدى ۋاقتى سوزمايلى ئۇزۇن،
باشقىلارغا شۇبھە چۇشۇپ قالمىسۇن.
سەن سېلىپ دەم، مەن تۇزەلگەن بولىمەن،
ھەممىنىڭ ئالدىدا خۇرسەن بولىمەن.
يوشۇرۇپ قەھرىمنى يالغان كۇلكىگە،
بېرىمەن لايىق جاۋاب شۇم تولكىگە.
خالىساڭ، ياردەمگە سەن بەل باغلىغىن،
بولمىسا ھېچ، بۇ سىرىمنى ساقلىغىن...»
شۇندا نۇرۋانغا ئېلەك قول قوشتۇرۇپ،
بىر نىيەتنى كۆڭلىگە ئورناشتۇرۇپ.
دېدىكى: «بولسۇن گۇۋا توققۇز پەلەك،
ئانت ئىچەي، سىزگە بولاي مەن يار - يۆلەك.
بىر نىيەتتە ئىككىسى بەل باغلىشىپ،
بىر - بىرىگە مەنىلىك كۆز تاشلىشىپ.
ھەم پىچىرلاشتى ئىشارەتلەر قىلىپ،
«خەيرى» دەپ ماڭدى بوۋاي يول ئېلىپ.
ئۆيگە كىردى يەڭگە، قىزلار ئارقىدىن،
بەرى ھەيران بولدى قىزنىڭ تۇرقىدىن.
چۇنكى قىزنىڭ كەيپى ئۆزگەرگەن ئىدى،
نە ئۇچۇندۇر ئۆزگىچە خۇرسەن ئىدى.
يەڭگىسى دېدى: «بەلەن ئىش بولدىغۇ،
نېمە ئارمان ئەمدى قىز خۇش بولدىغۇ.

ئۇ بوۋايدا بار ئىكەن بىر خاسىيەت،
ھەممىمىزنى قۇچتى بىر مەمنۇنىيەت.
ئەمدى بۇ توي ـ تويغا ئوخشايدۇ چوقۇم،
قالغان ئىشنى تەگرى ئوڭشايدۇ چوقۇم...»

※ ※ ※

كەلدى ساقى بىر قەدەھ ئىچكۈم مېنىڭ،
بىرلا ئوتلاپ يۇمشىسۇن كۆڭلۈم مېنىڭ.
ھەم تۇتاي شۇم پەيلىدىن يانغۇچىغا،
ساقلىماي غۇم دوستقا ئايلانغۇچىغا.

### توققۇزىنچى باب

كەچ كىرىپ، كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىدا،
قىزمۇ يۆتكەلدى قىزىق داغدۇغىدا.
ئاستى پانۇستىن دەرەخكە نەچچىنى،
بارچە دوقمۇشلارغا ياقتى نوكچىنى.
ھەم پېشايۋاننى ئوراپ گۈلدەستىگە،
دەسسىتىپ قىزنى پاياندار ئۈستىگە.
بېشىغا ئەنبەر سېپىپ، ئېسرىق سېلىپ،
ياسىداق چوڭ قەسىرگە كىردى ئېلىپ.
چېچىلىپ ئۈست ئۈستىگە چاچقۇ دېگەن،
داپ داراڭلاپ ياڭرىدى «ئايھاي يۆلەن».
قانچىلار ماختاشتى «بەك مول بولدى» دەپ،

زوقلىنىپ «گۈل ئۈستىگە گۈل بولدى» دەپ،
داستىخانغا ھاردۇق ئاشمۇ تارتىلىپ،
ۋاقتىدا تارقايدىغانلار تارقىلىپ.
يەڭگە، قولداشلار قېلىپ، پايپاسلىنىشىپ،
كۆشۈكىنى تەق قىلىپ تەييارلىشىپ.
كىرگۈزۈپ ئەمدى كېلىنئاي قىزنىمۇ،
تاپىلاپ تۇرغاندا قالغان سۆزنىمۇ.
كەلدى بىر قانچە يىگىت سۈرەن سېلىپ،
ھەم ئىشىك توسقۇچىلارغا ھەق بېرىپ.
كىردى «سۇلتانبەگ»نى ھەرياندىن يۆلەپ،
يەڭگىگە تاپشۇردى خۇرسەنلىك تىلەپ...
يەڭگىمۇ بايۋەچچىنى ئالقىشلىدى،
يۆلىگەنچە قىز قېشىغا باشلىدى.
تونىنى بايۋەچچە تەسلىكتە يېشىپ،
سەنتىرەڭلەپ تىللىرى كالۋالىشىپ.
يەڭگىگە بىر ھۆرپىيىپ قول شىلتىدى،
«بولدى ئەمدى، سەن چىقىپ كەتكىن» دېدى.
يەڭگىسى قورقۇپ بۇ ھالدىن تەمتىرەپ،
كەتمىگەندى قىز چۆچۈپ، دەپ ئەنسىرەپ.
ياقىسىنى «تۇۋا» دەپ تۇتقان پېتى،
چىقتى ئۆيدىن كەينىچە ماڭغان پېتى.
قالدى ئۆيدە بەكرى، نۇرۋان — ئىككىسى،
بىر - بىرىگە غەيرى ئىنسان ئىككىسى...
بەلكى قىزنىڭ تەپتى ئۇرغاندىنمىكىن،
ياكى قوزغالغان ھاياجاندىنمىكىن.

ئۆزلىدى بايۆچچىنىڭ بىلەك مەسلىكى،
ئاغزىغا گەپ كەلمىكىنىڭ تەسلىكى...
بىر دېڭىزغا قالدى ئوخشاپ ئۆي دېگەن،
بەكرى ھەيدەكىنىڭ قېيىقتەك لەيلىگەن.
ھۇشىدىن ئايرىلدى ئۇ بارغانسېرى،
قىز تەرەپكە قانچە ئىنتىلگەنسېرى.
قېيسىپ ھەرخىل قىلىپ ئەلپازىنى،
گەپكە تەسلىكتە ئۆمەللەپ ئاغزىنى.
شاللىرىنى ئاققۇزۇپ دېدى شۇنى؛
«ئېيتقا ... كۆرگەنمۇ ... مەندەك ... تۇچىنى ...»
ئىلگىر ـ ئاخىر قىزغا شۇ گەپنى قىلىپ،
چۈشتى يەرگە شۇ ھامان «گۇپ» لا قىلىپ.
شۇ پېتى ياتقانچە ئۇنىڭ داردىنىپ،
كەتتى ئوخلاپ رەڭگى ـ روھى سارغىيىپ.
قىز شۇئان ماۋۇق تۆشەكتىن دەس تۇرۇپ،
ئۆزىگە دېدى ئىلەكتىن خۇش بولۇپ:
«ئىشنى بابلاپتۇ ‹بوۋاي› قامالاشتۇرۇپ،
مەيگە ئوبدان دورىنى ئارىلاشتۇرۇپ.
ئۇ، مۇشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى،
قورغىلىپ ئەتراپنى بىر تىڭ ـ تىڭلىدى.
بەكرىگە ئۇ سىنچىلاپ باققانسېرى،
خۇددى كۆرگەندەك سېزىلدى ئىلگىرى.
ئەسلىدى بىر چاغدىكى ياغمۇرنى ئۇ،
دالدىدا تۇرغان گويا قانخورنى ئۇ.
شۇندا ئۇ گوياكى ئاچكۆز بۆرىدەك،

بولمىغانمۇ قىزنى «ھاپ» دەپ يېگىدەك.
ئەسلىگەنچە تېخىمۇ تولغاندى ـ دە،
قەھرى قايناپ، تاقىتى تاق بولدى ـ دە،
ياپتى دەرھال پەردىلەرنى ھەم قىلىپ،
ھەم ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى چىڭ ئېتىپ،
ئۆچۈرۈپ بەش شامنى، بىرنى قالدۇرۇپ،
ھەمدە لۆم ـ لۆم كۆرسىدا جىم ئولتۇرۇپ.
كۈتتى پايلاپ بىر ھازا پۇرسەتنى ئۇ،
ياغدۇرۇپ بايۋەچچىگە نەپرەتنى ئۇ:
«بەكرى بايۋەچچە دېگەن نەس سەنمىدىڭ؟
ھىلىگەر، نائەھلى، ناكەس سەنمىدىڭ؟
سەن ئىكەنسەنغۇ زىياندىش ھىلىگەر،
بىر كۆرۈپ پىيىمگە چۈشكەن دەدسەر.
سەن ئەمەسمۇ قىرىشىپ قۇربان بىلەن،
ئاغا بەتنام ئەيلىگەن بۆھتان بىلەن.
بىگۇنا مىسكىننى سەن تۇتقىن قىلىپ،
جىننى ئالغان ئەمەسمۇ خۇن قىلىپ؟
سەن ئەمەسمۇ مېنى بەخۇت ئەيلىگەن،
ئازدۇرۇپ ئەقلىمنى مەردۇت ئەيلىگەن؟
سەن ئەمەسمۇ ياۋ — ھەقىقەت ئەھلىگە،
شۇم كۆشەندە(چىن) مۇھەببەت ئەھلىگە.
سەن ئەمەسمۇ بايلىقىڭنى پەش قىلىپ،
شەرئى ھەق ئۈستىگە سالغان قۇش قىلىپ؟
سەن ئەمەسمۇ گۇل ئانامنى ئالدىغان،
كۆڭلىگە سالدىڭغۇ داغ ئۆچمەيدىغان؟

ئەمدىلى ئۇ قانداق قىلار سەرسان بولۇپ،
تامام تاماشى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ؟
سەن ئەمەسمۇ ھەممە شۇملۇقنىڭ بېشى،
تۇتقۇسى! ئەمدى سېنى ئەل قارغىشى.
ئالمىسام سەندىن بۈگۈن ئەنتىمنى مەن،
قىلمىسام جەزمەن ئادا ئانتىمنى مەن.
ئەزبەرايى، مەن ئەمەس ھەق يەندىسى،
ئىككى ئالەمنىڭ بولاي شەرمەندىسى...»
تۈن قاراڭغۇ قوينىغا چوڭقۇر پېتىپ،
ئۇيقۇ باستى ھەممىنى ھاردۇق يېتىپ.
تۈن يېرىمدا ئەمدى ئىشىم پۈتتى دەپ،
كەتتى يەڭگە ئۆز ئۆيىگە ئەنسىرەپ.
تىڭشىدى قىز، تىڭشىدى جىم، تىڭشىدى،
ئەندىدۇ بىر يەردە ئاتلار كىشنىدى.
بىر ھازادا كەلدى بىر «تاك، تاك» ئۈنى،
قىز كۈتەتتى ئىنتىزارلىقتا شۇنى.
پىلتە ياقتى ساددا بۈتىز قەھرىگە،
سىلىجىدى ئەيلەپ تەۋەككۇل تەگرىگە.
دۈمرىدە ئويلانمىغان ئىش بولسىمۇ،
مەيلى خەپ ئىش، مەيلى قىلمىش بولسىمۇ.
ئۇنتۇدى ئۇ ئەيمىنىش، تەشۋىشىنىمۇ،
كەلگۈسى غەۋغانىمۇ، تەپتىشىنىمۇ.
ئۇخشىتىپ يولۋاسقا خۇددى ئۆزىنى،
چاقنىتىپ گويا كى ئوتتەك كۆزىنى.
ئېتىلىپ باي ئۆچىگە دەھشەت بىلەن،

ئۇردى تىغنى كۆكسىگە شىددەت بىلەن.
ئالدى تارتىپ تىغنىمۇ بىر «ئۇھ» دېدى،
بەكرى بەيۋەپچە نەپەستىن توختىدى.
قاننى سۈرتۈپ تىغنى قىنىغا سالدى قىز،
جىم تۇرۇپ بىردەم، ئۆچەردى شامنى تېز.
ھەم قاچۇرغاندەك سېسىقتىن ئۆزىنى،
ماڭدى كۆزلەپ نېرىقى دېرىزىنى.
پەردىنى قايرىپ، كۆرۈپ ئەينەكنى ئۇ،
تەكچىگە چىقتى، تۇتۇپ ئىلمەكنى ئۇ.
ئاچتى رامنى، سەپ سېلىپ تۈن قوينىغا،
چۈشتى ئاستا سېرىلىپ چوڭ ھويلىغا.
دەل- دەرەخلەر ماسلىشىپ ئۆز پەسلىگە،
دۈگدىيىپ ئاپتۇ يېپىپ ئاق ئۈستىگە.
ھەم ۋېژىلدايتتى سوغاق - ئاچچىق شامال،
تىترىتەتتى ھەممىنى قىش «ئاقساقال».
نەدىدۇ ئىتلار تالاشتى، ھولىدى،
نەدىدۇ بىرسى بىراۋنى تۇۋلىدى.
ھەممە نەرسە قىز ئۈچۈن پايلاقچىدەك،
يا توساپ، يا كەينىدىن ماڭماقچىدەك.
ئەمما نۇرۋان چاقنىتىپ ئوت كۆزىنى،
ھودۇقۇشنى يەڭدى سىلكىپ ئۆزىنى.
كوكتىكى يۇلتۇزغا بىرقۇر باقتى ئۇ،
ئاخىرى تۆمۈر قوزۇقنى تاپتى ئۇ.
ئارقىدىن ھەريانغا بىر قۇر سەپ سېلىپ،
بەلگىلەرنى بىرمۇ - بىر ئەسكە ئېلىپ.

بىر قاتار كەتكەن سۇۋادانى كۆرۈپ،
شۇ قاتارنى بويلىغانچە تېز يۈرۈپ.
ئاخىرى تام ياقىلاپ، دوخمۇشىنىمۇ،
ئايلىنىپ، تاپتى ئاران سۇڭگۇچىنىمۇ.
يوق ئىدى سۇڭگۇچتە قېقىلغان قوزۇق،
يوق ئىدى راستىنلا ھېچقانداق توسۇق.
«شۇكرى» دەپ نۇرۋان چاپاننى يەشتى ـ دە،
ئۆملەپ تىرماشتى مۇزنىڭ ئۈستىدە.
قوللىرى مۇزنى سىلاپ خوپ مۇزلىدى،
ئەمما قىز ھېچبىر سوغۇقنى سەزمىدى.
چىقتى ئاخىر سىرتقا سۇڭگۇچتىن كىرىپ،
چىقتى شۇڭغۇپ، خۇددى قوزغاننى يېرىپ.
شۇھامان بىر ئاتلىق ئادەم ئالدىغا،
كەلدى بەلكى كەلدى ياردەم ئالدىغا.
ھەر ئىككەيلەن شۇكرى ئېيتتى خۇش بولۇپ،
قىلغىنىغا ئىشىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ...
ئالدىدىن قويغاچقا تونلار راسلىنىپ،
شۇڭا نۇرۋانمۇ ئەرەنچە ياسىنىپ.
لېككىدە ئات كەينىگە مىنگەشتى ـ دە،
ئىككىسى ئۇچتى شۇئان ئات ئۈستىدە.

※ ※ ※

قويغىنا ساقى، سوغاقتىن مۇزلىدىم،
مەن شۇدەم مەيدىن ھارارەت ئىزلىدىم.

قاركەبى ئاق باغلىسۇن مەشۇم سارايى،
مەن قىزىپ مەيخانىدا بايرام قىلاي.

## ئونىنچى باب

ئاتنى چاپتۇرغان پېتى تاڭغا يېقىن،
... — ئىككى ئادەم كەلدى زىندانغا يېقىن.
چوڭ قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان،
ئالدىنى توستى جىنەكچى شۇ زامان.
توۋلىدى «كىم؟» دەپ، ئىلەكدۇ «بىز!» دېدى،
نە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سۆزلىدى:
«بار ئىدى زىنداندا بىر تۇتقۇن يىگىت،
خۇددى لەيلى ئىشقىدا مەجنۇن يىگىت.
ئىسمى قۇربان «ئوغرى» دەپ بەتنام ئېلىپ،
بىگۇناھ ياتقان ئىدى ئۇ قامىلىپ،
شۇ يىگىتنى بىر كۆرەك ئالماقچىمىز،
بارەۋ — يوق، نەدە — شۇنى بىلمەكچىمىز»
ئوقتى مەقسەتنى جىنەكچى شۇندىلا،
دېدى ھەسرەتلىك تىنىپ: «يوق ئۇ بالا.
نەچچە ۋاقتى نەدە قالغان خەق سىلە،
بولغۇلۇق بولغاندا ئەمدى كەپسىلە...
ئاڭلىغانتۇق كەپتۇ دەپ سول قول ۋەزىر،
بىگۇناغا ئۆلتىپاتى مول ۋەزىر.
دەپتىكەن ئۇ: تەكشۇرەي زىندانىنىمۇ،
ھەم جازادىن قۇتقۇزاي قۇربانىنىمۇ.

كەچتىكەن راست، ئەمما ۋاقتى زىق ئىكەن،
چۈنكى راسلانغان زىياپەت جىق ئىكەن.
ئاڭلىساق ئاخشام ۋەزىر قايتىپتىمىش.
قازى، بەگلەرگە شۇنى ئېيتىپتىمىش:
يۇرتنىڭ ئەھۋالى ئەجەب ئوبدان ئىكەن،
بىزگە بارغان ئەرزلەر يالغان ئىكەن.
مەن ئىشەندىم قازى بەگلەرئەدلىگە،
ھېچ كىشى قالماپتۇ ناھەق خەيلىگە...
ئۇ ۋەزىر زىنداننىمۇ بىر كۆرمىدى،
ھەمدە قۇربان ئەرزىنى تەكشۈرمىدى.
تا ئۇمىد قۇربان سولاق دىشۋارىدا،
چىنىدىن بولدى جۇدا شۇئارىدا.
شۇ پېتى قالدى يىشىلمەي بۇ تۈگۈن.
جەسىدى يوللاندى كەنتكە تۈنۈگۈن...»
«خەپ، — دېدى غەمكىن ئېلەكمۇ ئاھ ئۇرۇپ —
بىزمۇ كەلگەنتۇق ئۈنىڭدىن قايغۇرۇپ.
ھەممە يەردە قۇلىقى تۆت قازىنىڭ.
پەيزى قالماپتۇ بۇ زەزگى جاھاننىڭ.
بېشى لايكى ئايغىمۇ سۈنىڭ لاي،
ئەي خۇدايا يول كۆرسەت قانداق قىلاي؟...»
شۇندا بىر ئوت كىردى ئويچان بېشىدىن،
كەتتى ئايلانغانچە نۇرۋان ھۇشىدىن.
شۇھامان ئالدى ئېلەك قىرنى يۆلەپ،
ئۆزىمۇ كەتتى بۆلەكچە تەمتىرەپ،
يۇزلىرىگە قارىسىپمۇ، ئاخىر ئۇنى،

هوشىغا كەلتۈردى — دە، ئېيتتى شۇنى:
بولدى ھازىرچە قويۇڭ پەرياتنى سىز،
ئاتلىنىڭ دەرھال مېنىڭلا ئاتنى سىز.
ئۆلگۈرەرسىز چاپسىڭىز بامداتقىچە،
بولمىغاندا، يەرلىكىدە ياتقىچە.
يۈزىنى كۆرمەك ئىدى ئارمانىڭىز،
بەلكى تەسكىن تاپقۇسى ئەپغانىڭىز.
غەم يېمەڭ سىز مەندىن ئانچە قايغۇرۇپ،
قازى ئۆلدى دەپ بارارمەن سەل تۇرۇپ...»
شۇندا نۇرۋان ئىچ - ئىچىدىن ئۆپكىدەپ،
«سىزمۇ بولغايسىز سالامەت، خەيرى» دەپ.
كۆز يېشىنى سۈرتتى — دە، ئاتقا مېنىپ،
كەتتى ئۆزكەنتى تەرەپكە يول ئېلىپ.
شۇ پېتى ماڭغانچە باقماي كەينىگە،
كەلدى چاشكا ۋاقتىدا قىز مەلىگە.
ئۇققىدەك بولسا مېيىتمۇ يۆتكىلىپ،
بوپتۇ ھەتتا يەرلىكىگە كۆمۈلۈپ.
شۇندا نۇرۋان ھېچ تۇتالماي ئۆزىنى،
يوشۇرۇپ ئەلدىن پەرىشان يۈزىنى.
دىۋىتىپ ئاتنى بۇراپ ماڭغان پېتى...؟
كەلدى قەۋرىستانىغا ئاھ ئۇرغان پېتى.
نەگە كۆمگەندۇ ئۇنى، — دەپ، گاڭگىراپ،
شۇ مازارنىڭ شەيخىدىن بىلدى سوراپ.
بۇ مازار شەيخى تونۇش ئادەم ئىدى،
رەھمىتى قۇربان بىلەن ھەمدەم ئىدى.

ئويلىدى ئۇ: «بۇ يىگىت كىمدۇ ئۆزى،
خۇددى تونۇشدەك ئىلىغۇ بىر جۈپ كۆزى»
سورىدى ئاخىر: «ئۆزەڭ كىمسەن» دېدى.
قىز ئاڭا: «مەنمۇ غېرىپ دەرتمەن» دېدى —
دېدى ئۇ: «قۇربان بىلەن تونۇقانمىدىڭ.
ياكى بىر يەردە، دوست تۇتقانمىدىڭ؟»
دېدى قىز: «ھە، دوستى ئىدىم قۇربان بىلەن،
ئۆلدى دەپ ئاڭلاپ ئۇنى بۆھتان بىلەن.
تاڭ سەھەردە يولغا ئاتلانغان ئىدىم،
يۈزىنى كۆرەلمىدىم، ھەسرەت يىدىم...»
ئارقىدىن دېدى بوۋاي: «رەھمەت ساڭا،
تەگرى بەرسۇن خەيرلىك قىسمەت ساڭا.
مەلىمىزدە رەھمىتى بىر گۈل ئىدى،
قايغۇرۇپ خەلق ياد ئېتىپ كۆپ يىغلىدى.
بىز ئاڭا ماتەم تۇتۇپ تۇرغان كۈنى،
رەھمىتىنىڭ مەشۇقى ئۇنتۇپ ئۇنى.
كەتتى بۇندىن چوڭ شەھەرگە يۆتكىلىپ،
كىردى ئالتۇن قەسىرگە چوڭ توي قىلىپ.
تا ئەزەلدىن بۇ جاھان شۇنداق جاھان،
پۇلى يوقلارنىڭ ئىشى ئوڭمايدىغان.
كەتتى قىز زەر ئالدىدا ساتقۇن بولۇپ،
پاك مۇھەببەت ئالدىدا مەلئۇن بولۇپ...»
شۇندا ئۇرۇۋان دەرت — ئەلەمدىن قىينىلىپ،
نەچچە رەت ئۆلۈپ تىرىلدى ئايلىنىپ.
خەير، دەپ قوزغالدى — دە، يىغلامسىراپ،

ماگدى ئاستا يىگى يەرلىككە قاراپ،
تاپتى - دە، قۇربان كۆمۈلگەن يەرنى ئۇ.
كۆردى خۇددى سۇنغان ئەگگۇشتەرنى ئۇ.
قەۋرىگە ئاتتى تۇتالماي ئۆزىنى،
تۆكتى ھەسرەتلىك - ئەلەملىك سۆزىنى:
«ئاھ، پەرىشان، جانىجان يار، نەدىسەن؟
بىر ئۆمۈر دەرتكە گىرىپتار نەدىسەن؟
ئەي جاپا دەشتىدە سەرگەردان يىگىت،
نەدىسەن، تۆھمەتكە بەنت، قۇربان يىگىت؟
نەدىسەن، قايتماس بولۇپ ئۇچقان قۇشۇم،
قالمىدى سەنسىز مېنىڭ ئەقلۇ -ھۇشۇم.
سېنى ئۆلتۈرگەن رەزىل تۆھمەتمىدۇ؟
ياكى شۇم زىنداندىكى كۈلپەتمىدۇ؟
بەلكى بولغاندۇ مېنىڭ ھىجرىم سەۋەب،
بىر قۇيۇندا ئايىنغان مېھرىم سەۋەب.
بىر قولۇڭ تۆھمەتچىدە بولسا سېنىڭ،
بىر قولۇڭ، شەكسىزكى، بويىنۇمدا مېنىڭ.
مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھكار بەندىمەن،
خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندىمەن.
نە ئۈچۈن ئايىنىپ ئۇنۇتتۇم مەن سېنى،
نە ئۈچۈن قىلدىم يۇرۇختۇم مەن سېنى؟
مەن ئىشەندىم نە ئۈچۈن نەس قازىغا،
قاردىم نىچۈن نادانلار ئاغزىغا؟
ئىشىنىپ نىچۈن شۇ تۆھمەتنامىغا،
نە ئۈچۈن چۈشتۈم ئۇنىڭ ئالدامىغا؟

چىن ھەقىقەتچى شەرىئەت نەدىدۇ،
نەدىدۇ، زادى ھەقىقەت نەدىدۇ؟
مەن ھەقىقەت ھەممىدىن ئەلا دېسەم،
ئالدىدا ئاقمايدۇ ھېچ ئىغۋا دېسەم.
ئەمدى بىلدىم، ئۇمۇ چاغلىق نەرسىكەن،
تەقدىرى تىللاغا باغلىق نەرسىكەن.
قول ئىكەن ئۇ باي-غوجاملارغا گويا،
بىزگە ئۇ باقمايدىكەن ھەتتا قىيا.
مەن ھەقىقەتسىز جاھاندا قايمىقىپ،
توغرا يولنى ئەگرى دەپ ئىزدىن چىقىپ.
ھەم ئانامنىڭ كۆز يېشى، لەۋزى ئۈچۈن،
ئانىلىق ئەجرى ئۈچۈن، قەرزى ئۈچۈن.
ئىلىنىپ قالدىم-دە، بىر قىلتاقىقا مەن،
تاسلا قالدىم چۈشكىلى دوزاقىقا مەن.
شۇ دوزاقنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان،
سىر يېشىلگەچ، چۈشىنىدىم، قالدىم ئامان.
ھازا بولدى ماڭا توي داغدۇغىسى،
شەرۋەتتى گويا ھالاكەت ئوغىسى.
تۇرسىمۇ زەرباب بىلەن پارلاپ قېشىم،
بولدى باغرىم پارە قان-زەرداب ئىچىم...
ئۇندىكەچكە جەڭگە ۋىجدان سەن ئۈچۈن،
مەن بولاي دەپ مەردى مەيدان سەن ئۈچۈن.
جەڭگە كىردىم جاننى ئالقانغا ئېلىپ،
چوڭ بالاخور جىنغا چاڭگال سېلىپ.
ئاخىرى ئەيلەپ بۇ قەرزىمنى ئادا،

هەم يۈيۈپ ئېلكىمنى دۈشمەن قىنىدا.
شۇنچە تېز كەلسەم يۈزۈڭنى كۆرگىلى،
هەم كۆيۈپ ئالدىڭدىلا جان بەرگىلى.
سەن يېتىپسەن ئەي گۆھەر، يەر قوينىدا،
تىرنىغىڭ مەن بىۋاپانىڭ بوينىدا.
سەنسىز جەننەت مەن ئۈچۈن دوزاق هامان،
تۈگىمەس زارىم مېنىڭ ئۇرسام پىغان؛
ئەمدى ئاڭلاتمايدۇ بۇندا نەيلىرىڭ،
دىلىغا ئوت سالغان ناۋالىق كۈيلىرىڭ.
سەنسىز ئەمدى مەن ئۈچۈن چوغلۇقمۇ يوق،
بولسىمۇ سەنسىز ئۇنىڭغا زوقمۇ يوق.
ئەمدى سەنسىز يارۇ-دىلدار يوق ماڭا،
چىن مۇھەببەتكە پىداكار يوق ماڭا.
يوق ماڭا پەريات ئۇرۇشتىن ئۆزگە ئىش،
يوق ماڭا زەرداب يۇتۇشتىن ئۆزگە ئىش.
نە قىلاي سەنسىز مادارىم قالمىدى،
تۇرغىلى سەبرۇ قارارىم قالمىدى.
مەن كېتەي دۇنياغا ئىبرەت قالدۇرۇپ،
سەن كەبى داغى مۇھەببەت قالدۇرۇپ.
ئەمدى ئېيتاي بۇ جاھانغا ئەلۋىدا،
سەن بىلەن بىللە بولاي يەر قوينىدا.
ئەمدى شۇجاي ھەممىدىن قىممەت ماڭا،
دەردۇ-ھەسرەتتىن يىراق جەننەت ماڭا.
جىسمىمىز بولغۇسى تۇپراق ئارىلىشىپ،
بىللە ئۆتكەي روھىمىز دىدارلىشىپ.

ئىچىلار روھىم مېنىڭ بىر كۆل بولۇپ،
سايرىغاي روھىڭ سېنىڭ بۇلبۇل بولۇپ؛
ئەلۋىدا، ئەي پانى دۇنيا، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي تاغۇ- دەريا ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا، ئەي ئايسىخان ئاتلىق ئانام،
ئەلۋىدا، ھەسرەتتە پەرياتلىق ئانام!
ئەلۋىدا، تۇققان - قېرىنداش ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ھەمدەم زامانداش ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا، مەھكۇم پەزىلەت، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، مىسكىن ھەقىقەت ئەلۋىدا!...»—
دېدى - دە، نۇرۋان ئەلەملىك ئاھ ئۇرۇپ،
كۆكسىگە قەھرى بىلەن بىر تىغ ئۇرۇپ.
قەۋرىنى مەھكەم قۇچۇپ «قۇربان!» دېدى،
«سەن ماڭا، مەنمۇ ساڭا قۇربان»دېدى...
ۋاي ئىست، شۇ بولدى ئاخىرقى سۆزى،
كەتتى مەڭگۈ ئۇيقۇغا ياشلىق كۆزى.

※ ※ ※

ساقى، قوي ئاچچىق شاراپنى توشقۇزۇپ،
مەن ئىچەي كۆزدىن يېشىمنى ئاققۇزۇپ.
چىن مۇھەببەت ئەھلىنى ھەمدەم تۇتاي،
يالا قۇربانى ئۈچۈن ماتەم تۇتاي.

1982 - يىل باھاردا يېزىلدى، 1984 - يىلى باھاردا تۈزىتىلدى.

本书中列入诗人的《诽谤者的牺牺品》等三部叙事诗。在这些叙事诗中揭露旧社会，歌颂现代的幸福；描写“三区革命”战士的英勇战斗，且并揭露“四人帮”罪恶行为等等。

# تۆھمەت قۇربانى

(داستانلار)

ئاپتورى: تېيىپجان ئېلىيوپ

مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرزاھمد كېرىمى

مەسئۇل كوررېكتورى: باقى ھاجى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32، باسما تاۋىقى: 4، قىستۇرما ۋارىقى: 1

1986 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 4700

---

كىتاب نومۇرى: M10264 — 63 باھاسى: 0.30 يۈەن

本书中列入诗人的《诽谤者的牺牲品》等三部叙事诗。在
些叙事诗中揭露旧社会，歌颂现代的幸福；描写“三区
命”战士的英勇战斗，且并揭露“四人帮”罪恶行为等


诽谤者的牺牲品 （维文）

（叙事诗集）

铁衣甫江著

责任编辑：米尔扎衣提·克日米

责任校对：巴克阿吉

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 4印张 1插页

1986年2月第1版 1986年6月第1次印刷

印数：1—4700

统一书号：M10264—63 定价：0·30元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت ئابدۇخالىق

نومۇرى: 63 — M10264

باھاسى 0.30 يۈەن

4